

# ھىجرەت تەسىراتى

ئابدۇللاھنىڭ ئانىسى

**بسم الله الرحمن الرحيم**

# هىجرەت تەسراتى

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئانا تۇپرىقىمىزدىكى ئەزىزانە مۇسۇلمان ئەر-ئايال قېرىنداشلار: قانداق ئەھۋالىڭلار؟

مەن سىلەرنى ۋە ئانا دىيارىمنى تاشلاپ ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكىلى 6 ئايچە بولۇپ قاپتۇ. مەن ھازىر ئاللاھنىڭ مۇبارەك رامىزان ئايلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ھاياتىمدا ماڭا ئاتا قىلغان سان-ساناقسىز نېمەتلەرنى ئەسلەپ خۇشاللىقىمدا كۆزلىرىمدىن خۇشاللىق ياشلىرىمنى ئاقتۇرۇپ، رەببىمىز ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالارنى يوللاپ ئولتۇرۇپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دىيارىمىزدىكى ئېتىقاد، مۇھەببەت ۋە ھەرخىل تۇرمۇش بېسىملىرى تۈپەيلىدىن ئۆزى خالاپ-خالىماي، چوڭ-كىچىك گۇناھلارغا قۇشتەك يەڭگىللىك بىلەن بېرىلىپ كېتىۋاتقان، ئۆزىنىڭ بۇ خىل ھاياتىدىن قەلبى ئازابلىنىۋاتقان، ھەتتا ئازابلىنىشتىنمۇ توختاپ شۇ ھاياتقا رازى بولۇپ دولقۇنسىمان ئىمان بىلەن ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمنى ئەسلەپ، قەلبىم قېرىنداشلىرىمنىڭ شۇ خىل ھاياتىغا ئۆرتىنىپ، شۇنداقلا سىلەرنىڭ ئەنە شۇ پۈتۈن ئەتراپ بۇزۇقچىلىق بىلەن قاپلانغان، ھەتتا بۇ بۇزۇقچىلىقنىڭ تەسىرلىرى قېرىنداشلىرىمنىڭ قەلبلىرىگىچە بىمالال كىرىپ ئورۇنلىشىپ ئۆزى سەزمەستىن شۇ بۇزۇقچىلىققا مايىل بولۇپ قېلىۋاتقان ئاشۇ كۇفرى زېمىندىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ئاللاھنىڭ بۇ ھىجرەت زېمىنلىرىدا ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا بىرلىكتە ئېسىلىپ ئاللاھنىڭ جەننىتىگە بىرلىكتە كىرسەك دېگەنلەرنى ئارزۇ قىلىپ ئاللاھقا دۇئا قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن. ھەممە سىلەرنىڭمۇ ئۆزۈڭلار دۇچ كېلىۋاتقان ھەرخىل سىناق ۋە دۇنيا پىتنىلىرىنى يېڭىپ ئۇممىدسىزلەنمەي مۆمىنلەرنىڭ ماكانى بولغان جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا توختىماي داۋاملىق ئىلگىرىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىپ بۇ قۇرلارنى يېزىشقا كىرىشتىم.

ھەممىمىزگە ئېنىق، ئىسلام دىنىمىز ھەرگىزمۇ بىرمەزگىل جەڭگىۋار ھالەتتە ياشاپ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى يېلى چىققان تۇپتەك بوشاپ كېتىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. بەلكى ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىشنى، ئالغا ئىلگىرىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە مۆمىننىڭ چۈشەنچىلىرى كېڭىيىپ، تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ. ناۋادا بىر ئىزىمىزدا توختاپ قالىدىكەنمىز، ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەگەشكۈچىلىرىنى دوزاخقا يېتىلەپ ماڭغۇچى شەيتان بويىنىمىزدىن كالىنى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ ماڭىدۇ خالاس.

مەن ھىجرەت قىلىپ ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن شۇنداق بىر چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇمكى — بەندىنىڭ ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتىپ ئىسلامغا كىرىشى ئۇ بېسىشقا تېگىشلىك بولغان بىرىنچى مۇھىم باسقۇچى بولسا، «ھىجرەت»مۇسۇلمان بەندە بېسىشقا تېگىشلىك بولغان ئىككىنچى مۇھىم باسقۇچى ئىكەن. ئۈچىنچى مۇھىم باسقۇچى بولسا، جىھاد تەييارلىقى ۋە جىھاد قىلىش ئىكەن.

سىلەر بۇ ھىجرەت سۆزىنى ئاڭلاپ دەرھال ئېسىڭلارغا يۇرتىدىن ئايرىلغاندا پۇشايمان قىلىشقان، ھىجرەت قىلىشقاندىن كېيىن ئەسلىدىكى ئەقىدىسىنىمۇ ساقلاپ قالالمىغان ھىجرەت قىلغۇچىلار كەلگەندۇ بەلكىم.

ھەقىقەتەن توغرا. بىر قېرىندىشىمىز تۈركىيەگە، بىر قېرىندىشىمىز دۇبەيگە، بىر قېرىندىشىمىز مالايسىيا، گېرمانىيە، كانادالارغا ھىجرەت قىلدى. ئۇلارنىڭ قىلىشقان ھىجرىتىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىگە پايدىلىق بولمىغانلىقى، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمىغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆز-ئۆزىمىزگە «ھازىر دۇنيانىڭ ھېچيېرىدە ئىسلام دۆلىتى يوق،

پۈتكۈل زېمىن بۇزۇقچىلىققا تولۇپ كەتتى، دىنىمىز، ئەقىدىمىز ئۇچۇن ئۆز دىيارىمىز ئەڭ ئەۋزەل، بىزنىڭ كۇفرى بېسىمى ئاستىدا ئېرىشكەن ساۋابىمىز ئەڭ يۇقىرى» دېگەندەك پەتىۋالارنى بېرىشتۇق ۋە بۇ پەتىۋايىمىزغا «شۇنىڭ ئۇچۇن بىزگە تېخى ھىجرەت پەرز بولمىدى» دېگەننىمۇ قوشۇپ قويدۇق. ئۇنداقتا بۇ پەتىۋايىمىز بىزنىڭ ئەنە شۇ كۇفرى زېمىنىدىكى ھاياتىمىزغا بېرىلگەن بىردىنبىر توغرا پەتىۋا بولدىمۇ؟ بىز بۇ پەتىۋانىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلساق بۇ پەتىۋايىمىز بىزنى جەننەتكە باشلىيالامدۇ؟ ئۆز چۈشەنچىمىز بويىچە ھىجرەتنىڭ ھەقىقى مەنىسى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي ۋە باشقا تەرەپلەردىكى خاراكتېرىنى ، ئاللاھنىڭ ھىجرەتتىكى ھېكمىتىنى چۈشەنمەي يۇقىرىقىدەك خاتا پەتىۋالارنى بېرىشسەك، قىيامەت كۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئۆز ھۆكۈمىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇق؟ ئۇنداقتا مۆمىننى يۇرتىدىن ئايرىلغانغا پۇشايمان قىلغۇزمايدىغان قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەر تەلەپ قىلغان، ئاللاھ رازى بولىدىغان، مۆمىننى جەننەتكە ئۇلاشتۇرالايدىغان ھىجرەت قانداق بولىدۇ؟ ھازىرقى ئىسلام دۇنياسى ۋەزىيىتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى نېمە؟ مانا بۇ مەسىلىلەر بىزنىڭ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا تېگىشلىك بولغان مۇھىم مەسىلىلەر. ناۋادا بۇ مەسىلىلەر ئۇستىدە توغرا يۆنىلىشتە ئىزدىنىپ بۇ مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرالمايدىكەنمىز كېيىن مەڭگۈلۈك ھەسرەتتە قالىمىز.

يوقۇرقى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن گەپنى ئۆزۈمنىڭ ئىسلامغا كىرىش تارىخلىرىمدىن باشلاپ بايان ئەيلەشنى زۆرۈر دەپ قارىدىم. نەزەرىيەنى دەلىللەشتە ئەمەلىيەتنىڭ رولى تولىمۇ زور.

ھەممىمىزنىڭ جاھىلىيەتتىن ئىسلامغا مەھكەم ئېسىلىش تارىخلىرىمىز بىر-بىرىمىزنىڭكىگە ئوخشىمىغان ھالدىكى ۋەقەلىكلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. ئىسلامغا كىرگەن دەسلەپكى چاغلارنى ياد ئەتسە قەلبى سۆيۈنمەيدىغان بىرمۇ مۇسۇلمان بولمىسا كېرەك.

2000-يىلى ياز پەسلىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغان مەزگىللىرى، خىزمەت ساقلاپ ئولتۇرغان چاغلىرىم ئىدى. ئۆيدىكىلەر مېنى بانكىغا ئورۇنلاشتۇرۇش يولىۇمنى مېڭىپ قويغان بولۇپ خىزمەت تەقسىم قىلىنغۇچە كومپيۇتېر ئۆگىنىپ تۇرۇشقا بىر كومپيۇتېر شىركىتىگە ئاپىرىپ بەردى. شىركەت مۇدىرى مېنى بىر كومپيۇتېر ئۇستىسىنىڭ تەربىيىلىشىگە تاپشۇردى. (دەل بۇ كىشى مېنىڭ ئىمان ئېيتىشىمغا سەۋەبچى بولغان كىشى ئىدى.)

مەن كومپيۇتېر دەرس ئېلىش داۋامىدا بۇ كىشىنىڭ ھەقىقەتەن جەمئىيەت كىشىلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىق ، ئەخلاقلىق كىشى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئادەتتە گەپ-سۆزلىرى كۆپ قائىدىلىك ئىدى، بولۇپمۇ ئاياللار بىلەن سۆزلىشىشكە توغرا كەلگەندە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. ھەرگىز بىۋاستە يۈزلىنىپ تۇرۇپ سۆز قىلمايتتى. مەن ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا بولۇپمۇ پراكتىكا قىلغان چاغلاردا ئىدارىدىكى ئاياللار جەمئىيەت كىشىلىرى توغرىسىدا بىزگە كۆپ چۈشەنچىلەرنى بېرىپ ھەتتا بىزنى جەمئىيەتكە يۈزلىنىشتىنمۇ قورقۇتۇپ قويغان ئىدى. پۈتۈن جەمئىيەتنى ھايۋاناتلار دۇنياسىدەكلا تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ مەن بۇ كىشىنىڭ ئەخلاقىغا تولىمۇ ھەيران قالدىم، بەلكىم ئىسلامىي ئەخلاق-مۇسۇلمان بىلەن جاھىلىيەت كىشىلىرىنى پەرقلەندۈرۈشتىكى زۆرۈر ئامىللارنىڭ بىرى بولسا كېرەك.

كۈنلەر بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋاتاتتى، بۇ كىشىنىڭ شىركەتتىكى توخۇ كاتىكىچىلىك كېلىدىغان بىر كىچىك ئۆيگە كۈندە نەچچە قېتىم كىرىپ چىقىدىغىنى دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتتى ۋە كاللامغا ھەرخىل سوئاللارنى پەيدا قىلدى. «بۇ ئۆيدە نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ كىرىپلا 5-10 مىنۇتتىن كېيىن چىقىدۇ. تاماكا چېكەمدىغاندۇ- يە؟»

بۇ سوئالىمغا تەخمىنەن 2 ھەپتىدىن كېيىن مۇنداق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن جاۋاب تاپتىم.

بىر كۈنى ئۇ كىشى شىركەتتە قېلىپ كېچىچە ئۇخلىماي خىزمەت قىپتۇ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتلار بولسا كېرەك، مەن كومپيۇتېر ئالدىدا«رېستوران تاماق تىزىملىكى» نى بېسىپ ئولتۇراتتىم، بۇ كىشى يەنە شۇ ئۆيگە كىرىپ چىقتى. قارىسام بۇ كىشىنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ. مەن بۇرۇن كەيپكە ئاريلاشقان كىشىنىڭ كۆزى مۇشۇنداق قىزىرىپ كېتىدۇ دەپ ئاڭلىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەتتە كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ نىجىسقا ئارىلىشىدىكەن، بۇ كىشى باشقا جەھەتلەردىن ئەخلاقلىق بولغىنى بىلەن بۇ نىجىسقا ئارىلىشىدىكەن-دە. سورىماي كۆڭلۈم قويمىدى، ئاخىرى ئۆزۈمگە غەيرەتنى جۇغلاپ سورىدىم.

-بىر گەپنى سوراپ باقاي دېگەنتىم، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، سىز نەشە چېكەمسىز؟

-چەكمەيمەن. قانداق؟ سوراپ قالدىڭىزغۇ؟-دېدى ئېتىبارسىز ھالەتتە.

ئۆزۈمچىلا سوراپ باقتىم، دېدىم. لېكىن ئىچىمدە «راستىلا چېكىدىكەندە، بولمىسا باشقىچىرەك ئىنكاستا بولاتتى. ھەي... ئېسىت شۇنچىۋالا ئەخلاقلىق كىشىنىڭ بۇ نىجىسقا ئارىلىشىپ قالغىنى» دەپ ئويلىدىم ۋە خىزمىتىمنى داۋاملاشتۇرىۋەردىم. بۇ كىشىگە قىلغان سۆزۈم ئىشتىن چۈشىدىغان چاغدا تەسىركۈچىنى كۆرسەتتىمۇ، ماڭا دېدى.

-نېمىشقا ئۇنداق سوئالنى قويۇپ قالدىڭىز؟ مەن ئادەتتە، ئىچىملىك، چېكىملىك، دېگەندەك نەرسىلەرگە ئارىلاشمايمەن . قىز-يىگىتلەر يىغىلىدىغان سورۇنلارغىمۇ بارمايمەن. مەن مەكتەپ پۈتتۈرۈپلا ئىسلامغا كىرگەن، مانا ھازىر5 يىل بولدى.

-نېمە؟! ۋاقىرىۋەتتىم ھەيرانلىقتا. ئەسلىدە بۇ كىشىنى جاھىلىيەتنىڭ ناچار ئەخلاقلىرىدىن توسۇپ تۇرغان نەرسە ئۇنىڭدىكى ئىسلامكەندە.

مەن شۇندىلا كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاققا ئىگە قىلىدىغان ئىسلامغا قىزىقىپ قالدىم ۋە ئىسلام توغرىسىدا ئىزدىنىپ، چۈشىنىپ بېقىش ئۈمىدىدە ئۆزۈم تونۇيدىغان دىنى بىلىمى بار بىر قىزغا ئېيتتىم.

-مەن ئىسلامغا قىزىقىپ قالدىم، ۋاقتىڭىز بولسا بىر ھەپتە كۈنگە بىرەر سائەتتىن ماڭا ئىسلامدىن چۈشەنچە بەرسىڭىز. قوبۇل قىلسام قىلارمەن، قىلمىسام قىلمىغانچە بولارمەن.

-مەندە ئۇنچىلىك كۆپ بىلىم يوق. خالىسىڭىز سىزنى تونەككە ئاپىراي، كۆرۈپ، ئاڭلاپ بېقىڭ.

بۇ دەل رامزانغا بىر-ئىككى كۈن قالغان چاغلار ئىدى. مەن ئۆيدىكىلەردىن كەچتە رۇخسەت ئېلىپ ئۇ قىز بىلەن تونەككە باردىم. تونەكتىكى قىزلار مېنى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىشتى. مەن ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھەربىر گەپ-سۆزلىرىنى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنى دىققەت بىلەن كۈزىتىشكە باشلىدىم، مەيلى قايسى جەھەتلىرىگە قارىماي ئۇلار بىز جاھىلىيەتتىكىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ قىلىشقان چاقچاقلىرىمۇ پۈتۈنلەي قائىدە ئىچىدە ئىدى.

ئۇلار ماڭا دەۋەت ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. ئۇلار ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ئاساسلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرنى سۆزلىمەكتە-لېكىن مەندە ھېچبىر تەسىرلىنىش يوق. ھەي... قەلبلىرىمىز جاھىلىيەت مۆھىتىدا ياشاپ قېتىپ كەتكەن-دە. يېرىم كېچە بولغاندا قىزلار تەھەججۇد نامىزىغا تۇرۇشتى ۋە ماڭا ئېيتتى.

- قانداق، ئوقۇپ باقامسىز؟

-ھازىرچە ئالدىرىماي تۇرسام بولامدىكىن، چۈشەنچە بولغاندىن كېيىن بىر گەپ بولار، دېدىم.

ئۇلار نامااز ئوقۇپ بولغىچە ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇشلىرىنى كۈزۈتۈپ ئولتۇردۇم. قىزلار نامازلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ماڭا يەنە ھەر تەرەپلەردىن دەۋەت ئېلىپ باردى، مەندە يەنىلا ھېچ ئۆزگىرىش يوق. ئاخىرى بامدات ۋاقتىمۇ بولدى. ئۇلار نامازغا تۇرۇشۇپ يەنە ماڭا قاراشتى. مەن يەنىلا جىم ئولتۇرۇۋالدىم. ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتىدۇ، مەن ئويلىنىشقا باشلىدىم «مەن نېمە ئۈچۈن غەيرەتكە كېلىپ بولالمايمەن، چۈشەنچەمدىكى ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى پاك ياشاشقا ئۈندەيدىغان بىر دىنغۇ! توغرا،

مەن ئىسلامغا پۈتۈن كىرىپ كەتسەم جەمئىيەتتىن پۈتۈن ئايرىلىشقا توغرا كېلىدۇ. دوستلىرىمدىن ئايرىلىمەن، مودا كىيىملەرنى ئەسلا كىيەلمەيمەن، رېستوران ۋە تانسىلارغا بارالمايمەن، ناۋادا مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەرىدىن كەچسەمچۇ؟ نېمىگە ئېرىشىمەن؟ نېمىدىن قۇرۇق قالىمەن!؟

دەل شۇ چاغدا كۆز ئالدىمدا مەن رېستورانلاردا كۆرگەن ھېلىقى بىر-بىرىدىن سەتەڭ ئاياللارنىڭ چاي چەيىنىكىگە ھاراق قويغۇزۇپ ئىچىپ، مەس بولۇپ، پۈتۈن ھاياتىنى قايرىپ قويۇپ ئوتتۇرغا ئالۋاستىلاردەك يۈگۈرۈپ چىقىپ يات ئەرلەر بىلەن ئۆزىنىڭ زىلۋا ئاياللىق خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان ھالدا، ياۋروپا ئۇسۇللىرىنى ئويناپ كېتىشلىرى، ھېلىقى تانسىخانىلاردىكى قىزلارنىڭ ئىچىۋېلىپ غەرق مەس بولۇپ سەھنىگە چىقىۋېلىپ ھەرەڭ-سەرەڭ بىر نېمىلەرنى ئويناپ كېتىشلىرى، ھەتتا سەھنىدىن دومىلاپ چۈشۈپ كەتكىنىگە تەن بەرمەي يەنە ئۆمىلەپ چىقىشلىرى، نىجاسەتكە چۈشۈپ ئولاشقاندەك ئەتراپقا ئولىشىۋالغان ھېلىقى مەردانە يىگىتلىرىمىزنىڭ ھاياسىز قىلىقلىرى... نامايان بولۇشقا باشلىدى.

مېنىڭ ئىسلامغا كىرىشىمگە توسالغۇ بولۇۋاتقان نەرسە ئەنە شۇ جاھىلىيەت مۇھىتىدىكى كىشىلەرنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ ياشاشمۇ؟ ئەجەبا مەن شۇ مۇھىتتا شۇ قىلىقلاردىن ئۇدا نەپرەتلىنىپ كېلىۋاتقانغۇ؟... مەن شۇيەردىلا رەسمىي غەيرەتكە كەلدىم-دە، مۇسۇلمان بولۇشنى قارار قىلدىم. تاھارەتنى ئالدىم، جاينامازغا چىقتىم، قىزلارنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە نامازنى ئوقۇدۇم. ئوراندىم، چىقىپ كەتتىم.

يولدا ماڭغاچ ئۆز-ئۆزۈمدىن سوراۋاتىمەن، «مەن نېمە ئىش قىلدىم؟ تۈنۈگۈن بۇدرە چاچلىق يالاڭۋاش ئادەم بۈگۈن بۇ ھالەتتە چىقسام تونۇش-بىلىشلەر نېمە دەپ كېتەر؟ دوستلىرىم نېمە دەپ كېتەر؟ ئەڭ ياخشىسى مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە پىكىر بېرەلىگۈدەك بولغاندا ئۇلار بىلەن كۆرۈشەي .»

مەن ئورانغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدىم. ئاپام ھەيران قالدى ۋە خوش بولدى. چۈنكى ئاپاممۇ چوڭلار ئىچىدىكى خېلى دىندار ئاياللاردىن ئىدى. لېكىن ئەتىسى ئېيتتى:«بالام، نېمىشقا رومالنى بايراقتەك قىلىپ ئالدىڭدىن چىگىۋالىسەن، خۇددى باشقىلارغا مەن ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم دەپ ئېلان قىلغاندەك. ئىبادەتنى مەخپىي قىلىش كېرەك. ھازىر بۇنداق ئورىنىۋالغانلارنى ھۆكۈمەت تۇتۇپ ئەكىرىپ سولاۋاتسا، مەن تەستە سېنىڭ خىزمەت ئىشىكىڭنىڭ يولىنى مېڭىپ قويدۇم، سەن يەنە خىزمەت قىلىشىڭ كېرەك. بۇنداق ئورىنىۋالساڭ كىم سېنى خىزمەتكە قوبۇل قىلىدۇ. ياغلىقنى ئارقاڭدىن چەگسەڭمۇ بولىدۇ.» مەن يەنە ئۆز-ئۆزۈمگە سۆزلەۋاتىمەن:«توغرا، نېمىشقا ياغلىقنى ئېڭىكىمىزدىن تېڭىۋالىمىز، بىز ياكى ئەرەب بولمىساق، بېرىپ سوراپ باقايچۇ!»

مەن تۈنەكتە ماڭا دەۋەت ئېلىپ بارغان قىزنىڭ ئۆيىگە باردىم، بۇ قىز ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋېتىپ باشقىلارغا دەۋەت ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن 3 ئاي كاپىر تۈرمىسىدە يېتىپ كېيىن ئۆيىدىكىلەر ئىقتىساد سەرپ قىلىپ چىقىرىۋالغان بولۇپ، ھازىر نازارەت ئاستىدا ئىدى. مەن بۇ قىزدىن سورىدىم.

-نېمىشقا ياغلىقنى ئالدىمىزدىن چىگىمىز؟ ئارقىمىزدىن چەگسەكمۇ بولىدىغاندۇ؟ ئۇ قىز مېنى دىنغا يېڭى قەدەم قويدى، دەپ ئويلىدىمۇ، ئارتۇق چۈشەنچە بەرمەي قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرە نۇردىكى ئاياللارنىڭ ئورىنىشى توغرىسىدا چۈشكەن ئايەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:«مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەرز ئايىتى، مەن بۇنىڭدىن باشقىسىنى دېيەلمەيمەن» دېدى.

مەن بۇ ئايەتنى ئوقۇپ چىقىپ ئويلىنىشقا باشلىدىم. ئاللاھ تائالا نېمىشقا بۇ ئاۋارىچىلىقنى ئەرلەرنى قايرىپ قويۇپ ئاياللارغا خاس پەرز قىلغاندۇ؟ بۇنىڭدا قانداق ھېكمەت باردۇ؟ بۇ رومالنىڭ ئاياللارغا قانداق پايدىسى باردۇ؟..

كۆز ئالدىمدا — مەكتەپلىرىمىزدىكى بىر-بىرىدىن چىرايلىق قىزلارنىڭ مەكتەپ ياتاقلىرىدا:«ئاھ، خۇدا!!! مەن ساڭا نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم؟ ماڭا نېمە ئۈچۈن بۇنداق تەقدىر ئاتا قىلىسەن؟» دەپ ئۆز تەقدىرلىرىدىن ئاغرىنىشلىرى، ئۆز مۇھەببەتلىرىدىن خورلۇققا ئۇچراپ، ئاغرىنىپ بارا-بارا يولدىن چىقىپ، مەكتەپتىكى ئوقۇشىنىمۇ تاشلاپ، ئىچىش، چېكىش ۋە بۇزۇقچىلىقنى ھاياتىدا بىردىنبىر ياشاش يولى قىلىپ تاللىۋېلىشلىرى..... نامايان بولۇشقا باشلىدى.

ناۋادا ئۇ قىزلار ئۆز گۈزەللىكىنى روماللىرى بىلەن يوشۇرۇپ يۈرگەن بولسىچۇ!؟

دېمەك جەمئىيىتىمىزدىكى ئائىلىلەرنىڭ ۋەيران بولىشىغا، شۇنداق قىزلىرىمىزنىڭ ئۆزلۈكسىز كۆپىيىشىگە، جەمئىيەتنىڭ ھايۋانات دۇنياسىغا ئايلىنىپ قېلىشىغا، دەل مايمۇندەك يۈز-كۆزلىرىنى بوياپ، كالتە-كۆسەي نەرسىلەرنى كىيىپ ئۆزىنى ساھىب جامال ئاتىۋېلىشقان بىزدەك مودا خېنىملار سەۋەبچى ئىكەن ئەمەسمۇ؟ جاۋابكارلىق يەنىلا بىز قىز-ئاياللاردا ئىكەن. ئاللاھ نېمە دېگەن ھېكمەتلىك زات- ھە؟!

مېنىڭ ئۇ كۈنلەردە بىر تال ئۇزۇن يوپكامدىن باشقا ھەممىسى جاھىلىيەت كىيىملىرى بولۇپ ئۇ يوپكىنىڭمۇ چاكلىرى نەلەرگىچە ئوچۇق ئىدى. بازارغا چىقىپ ئۇزۇن خۇرۇم يوپكىدىن بىرىنى سېتىۋالدىم، مانا بۇ يوپكىنى قانچىلىك ۋاقىت كىيگەنلىكىمنى بىلمەيمەن، بۇ يوپكا بازارلىقىممۇ شۇ، سورۇنلىقىممۇ شۇ بولۇپ قالغان ئىدى. ھەتتا كىيىۋېرىپ ئىككى تەرەپتىن تىتىلىپمۇ كەتتى، بۇ يوپكىنى تاكى بىر قىز ئۈچىسىدىكى يوپكىسىنى سېلىپ بەرگىنىگە قەدەر كىيمەپتىمەن، چۈنكى ئۆيدىكىلەر:«ئاللاھ ساڭا ئاسماندىن تاشلاپ بېرىپ باقسۇن» دەپ ئىقتىسادىدىن قىسقان، مەنمۇ:«سىلەرنىڭ بۇ گېپىڭلارغا، سىلەرگە ھەرگىز يېلىنمايمەن» دەپ تاكى ھازىرغىچە ئىقتىسادتا ئۇلارغا يېلىنمىدىم.

ئۆيدە تاپا-تەنىلەر باشلاندى. ئۇلار مېنى گەپكە كىرگۈزۈپ بولالماي مۇئامىلىنى ئۆزگەرتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

-بالام، مەن سېنى يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ باشقىلارنىڭ ئالدىدا بوينى سىقىلىپ قالمىسۇن دەپ باشقىلار ئايدا بىر قېتىم خىراجەت ئەۋەتسە مەن نەچچە قېتىم ئەۋەتتىم، نېمىنى كىيمەن دېسەڭ شۇنى قانچىلىك قىممەت بولىشىغا قارىماي، جاھىللىقىڭغا ماقۇل دەپ ئېلىپ بېرەتتىم. ئۆز بەختىنى تاپسۇن دەپ 60-50 مىڭ يۈەن خەجلەپ مەكتەپتە ئوقۇتتۇم. سەن مەكتەپ پۈتتۈرگىچە بالام خىراجەت قىلسۇن دەپ ساڭا قىسىنىپ ئۆزۈم تۈزۈك كىيمىدىممۇ كىيمىدىم. بۇنى بىلىسەن. ئاخىرىدا ماڭا قايتۇرغان جاۋابىڭ مۇشۇ بولدىمۇ؟ ئانا رازى خۇدا رازى. ناۋادا مەن رازى بولمىسام سېنىڭ ئوقۇغان نامىزىڭ بىكار. سەن خىزمەت ئىشلىمىسەڭ مەن مەڭگۈ رازى بولمايمەن.

ئاپام ئالدىمدا تىزلىنىپ دېگەندەك ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى. مېنىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچۈم تۈگىگەندەك بولۇپ قالدى. دېمىسىمۇ ئۆيدىكىلەر مەن ئۈچۈن ئاز ئەجىر سىڭدۈرمىدى، ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئايدا ئەۋەتكەن ئىقتىسادىنى كىيىم ئېلىپ، ئۈشىشاق-چۈشەك نەرسىلەرگە قالايمىقان سەرپ قىلىۋېتىپ ئايدا نەچچە قېتىم «پۇلۇم تۈگىدى» دەپ تېلېفون قىلاتتىم. بەزىدە خىجىل بولۇپ قالسام «ئاغرىپ قالدىم، دوختۇرغا كۆرۈنىمەن » دەيتتىم. ئۆيدىكىلەرمۇ راست يالغاننى سۈرۈشتۈرمەي ئىقتىساد ئەۋەتىپ تۇراتتى. تەنىلدە ئائىلىدىكى ۋاقىتلىرىمدا تىنى ئاجىز دەپ ئۆي ئىشلىرىغا ئەسلا سالمايتتى.

مەن يەنە ھېلىقى قىزنى ئىزدىدىم.

-ئاتا-ئانامنى رازى قىلىش ئۈچۈن ياغلىقنى ئارقامدىن چەگسەم بولامدۇ؟ بۇنىڭغا ئىسلامدا ئازراق بولسىمۇ يول بارمۇ؟ دەپ سورىدىم.

-ئۇ قىز يەنە ئارتۇق چۈشەنچە بەرمەي قۇرئان كەرىمدىكى بۇ توغرىسىدىكى ئايەتنى كۆرسىتىپ قويدى «بەندىگە ئىتائەت قىلىپ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش يوق.» مەن خىزمەت توغرىسىدا مەسلىھەت سورىدىم. ئۇ قىز يەنە قۇرئان كەرىمدىكى ئايال كىشىنىڭ خىزمەت قىلىشى توغرىسىدىكى ئايەتنى كۆرسىتىپ قويدى. مەن يەنە ئويلىنىشقا باشلىدىم. ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئائىلىگە خاس قىلىپ سىرتتا ئەر-ئاياللار بىللە بىرلىكتە خىزمەت قىلىشتىن توسقاندۇ؟ بۇ ئاياللارنىڭ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكىنى ئىپادىلەپ قويامدۇ قانداق؟...

توغرا، ئىدارىدە ئەر-ئايال بىللە خىزمەت قىلىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى كېچىلىك ئىسمىنىلاردا چۈللەرگە بىللە چىقىپ ئىشلەيدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇ جەرياندا بەزى ئەرلىرىمىز ئۆز ئاياللىرىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىدىن رازى بولماي يۈرگەن كۈنلىرىدە ھېلىقى بىللە خىزمەت قىلىۋاتقان ئايال خىزمەتدىشىنىڭ ئۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا كۆڭلى مايىل بولۇپ قېلىۋاتقان، ئۇ ئاياللارمۇ يولدىشىدىن ئادەتتە تۈزۈك ئاڭلاپ كەتمەيدىغان شېرىن-شېكەر سۆزلەرنى باشقىلاردىن (نامەھرەملەردىن) ئاڭلاپ بالا-چاقا-ئەر كۆزىگە كۆرۈنمەي ئەس-ھوشىنى بىراقلا يوقاتقان. شۇنىڭ بىلەن بىر تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقان ئائىلە بۇزۇلۇش پاجىئەسى يۈز بەرگەن.

مەن پراكتىكا قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە ئىدارىدە ماڭا «ئۇستا» بولغان ئايال ئۆزىنىڭ 7ياشلىق قىزىنىڭ يۈزىنى قىلماي ئىدارىدىكى باشقا نامەھرەم ئەر بىلەن قالايمىقان ئارىلىشىپ يۈرگىنىنى، ئىدارىدىن بۇ ئىككىسىنىڭ بۇخىل بىنورمال مۇناسىۋىتىنى بىلگەندىن كېيىن ئىككىسىنى ئىككى ئىسمىغا ئالماشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى كۆرگەنمەن، لېكىن بۇ ئۇسۇل مەسىلىنى تۈپ يىلتىزدىن ھەل قىلىشقا ھەرگىزمۇ يارىمايدۇ-دە. ئىسلام دىنىمىزدىكى دېيىلگەن ئەھكاملار ئىنسانلارنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەختىگە نېمە دېگەن پايدىلىق، ئىسلام دىنىمىز نېمە دېگەن گۈزەل. پەرۋەردىگارىمىز نېمە دېگەن ھېكمەتلىك زات- ھە؟!

مەن بۇ قىزنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تۇنجى بولۇپ قولۇمغا «قۇرئان كەرىم تەرجىمىسى» نى ئالدىم. دەسلەپتە ئانچە چۈشەنمىدىم، لېكىن ئوقۇغانسېرى بۇ كىتاب مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىشقا باشلىدى. ئەرزىيەتلەرمۇ تەڭ كۆچىيىشكە باشلىدى. مەن قورقۇپ كۈندۈزلىرى كىتابنى يوتقان ئىچىگە ئەكىرىپ تىقىپ ئوقۇغان چاغلىرىممۇ بولدى. كېچىدە ئۆيدىكىلەر ئۇخلاپ بولغاندىن كېيىن ئاستا قوپۇپ چىراغنى ياندۇرۇپ ئوقۇغان چاغلىرىممۇ بولغان. بۇ كىتاب ئوقۇغانسېرى مېنى ھەيران قالدۇرۇۋاتاتتى. بايان قىلىش ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئۇنىڭدا سۆزلىنىۋاتقان ھەرخىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىلىملەر. قىيامەت توغرىسىدىكى بايانلار، ۋەز-نەسىھەتلەر..... ئوقۇغانسېرى بىكار ئەھمىيەتسىز ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىمغا ئېچىنىدۇرۇپ «ئاھ خۇدا! مېنىڭ ئەھمىيەتسىز، غاپىللىقتا ئۆتكەن ھاياتىم. مەن 5 يىل < نېفىتنى قانداق ئايرىمىز؟> دېگەننى ئۆگەنگۈچە <جاھالەتتىن ئۆزىمىزنى قانداق ئايرىمىز؟> دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىزدەنگەن بولسامچۇ؟ ئاھ...! مېنىڭ ھاياتلىقىمنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى، ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرىدىغان بۇ بىلىملەردىن قۇرۇق قېلىپ غاپىل ئۆتكەن ھاياتىم. مەن نېمە ئۈچۈن بۇ كىتابنى بۇرۇنراق قولۇمغا ئېلىپ باقمىدىم» دېگەن ئويلار قەلبىمدە پۇشايمان، تومەنمىڭ پۇشايمانلارنى ھاسىل قىلاتتى.

قىيامەت توغرىسىدىكى بايانلارنى ئوقۇغىنىمدا بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ ئۆزۈمنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىم كۆز ئالدىمغا كېلىشكە باشلايتتى-دە، سەجدىگە يىقىلاتتىم. «ئي ئاللاھ! مېنى كەچۈرگىن، مەن بىلمەپتىمەن، چۈشەنمەپتىمەن، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. مەن سېنىڭ ئالدىڭدا بۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە دېيەلمەيمەن.»

بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەرزىيەتنىڭ كۈچلۈكلىرى كېلىشكە باشلىدى. ئۆيدە بىرەر كۈن بېشىم ساق قالىدىغان كۈن ئەسلا بولمايتتى. باشلىرىمغا بەزىدە ئاياقلار ئۈچۈپ كېلىپ يۈز-كۆزلىرىم

كۆكرەپ قارىغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالاتتى. بەزىدە يىتىپمۇ قالاتتىم. كۆزىگە قاراپ ئارزۇلاپ چوڭ قىلغان بالىسى هازىر بۇلارنىڭ يېتىم بالىسىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى، لېكىن بۇ ئەرزىيەتلەر قەلبىمدىكى ئاللاهقا بولغان مۇهەببەتنى ئاجىزلاشتۇرماقتا يوق، بارغانسېرى كۈچەيتۈرىۋاتاتتى. مەن هازىر شۇنداق ئويلايمەنكى، ئاللاهنىڭ سىناقلىرى ئىچىدە ئەڭ ئاسان ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىغان سىناق جىسمانىي جەهەتتىن كەلگەن سىناق بولۇپ، بۇ سىناق قەلبىمگە قىلچە تەسىر قىلالمايدىكەن، بەلكى ئىمانىنى كۈچەيتىۋېتىدىكەن، ئۆتمەك قىيىن بولغان سىناق مال-دۇنيا ۋە ناچار جاهىلىيەت مۇهىتىنىڭ ئورىۋېلىشى ئىكەن.

مەن ئۇ كۈنلەردە هەربىر قىيىن مەسىلىگە يولۇقسام ماڭا دەۋەت ئېلىپ بارغان هېلىقى قىزدىن مەسلىهەت ئالاتتىم. ئۇ قىز ئۆزىنىڭ تۈرمىدىكى قىيىن -قىستاق ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلىرىنى، مەكتەپتىكى ۋە ئائىلىسىدىكى بېسىملارغا قانداق تاقابىل تۇرغانلىقى، تۈرمىدىكى قېرىنداشلاردىكى مۇستەهكەم ئەقىدە ۋە ئىرادە، ئۇلار ئۇچراۋاتقان خورلۇق ۋە بېسىملارنى ئۆز ئەينى بايان قىلىپ بېرەتتى. توغرا، بىراۋ كېلىپ مېنىڭ تىرنىقىمنى ئامبۇر بىلەن تارتىپ، ياكى توكقا تۇتۇپ قىيىنىغىنى يوق. مەندىكى بۇ كىچىك سىناقلار نېمىتتى؟ ئۇلارمۇ ئىنسان، مەنمۇ ئىنسان. مەن نېمىشقا ئاللاهنىڭ بۇ سىناقلىرىدىن ئۆتەلمەيدىكەنمەن؟

مەن ئىسلامغا كىرىپ بىر ئايدىن كېيىن «خىزمەتكە تونۇشتۇرۇش مەركىزىدىن» چاقىرتتى. ياغلىقنى مەهكەم چىگىپ، ئىسلامىي قىياپەتتە دادىل قەدەم بىلەن ئىشخانىغا كىرىپ كەلدىم. ئۇلار چۈچۈپ كەتتى. «تېخى بىر ئاي ئىلگىرى بىر چىرايلىق قىز هازىر نېمە بولدىڭىز؟ سىزنى بانكىغا يوللىماقچى ئىدىم. بۇ هالەتتە سىزنى قانداق يوللايمەن؟» ئۇلار مېنىڭ تېخى ياشلىقىمنى، ئالدىمدىكى يولۇمنىڭ تېخىمۇ پارلاق بولىدىغانلىقىنى، بۇنداق قىلسام كەلگۈسىدە پۇشايمانغا قالىدىغانلىقىمنى ئېغىزلىرىدىن كۆپۈك چىققىچە سۆزلىدى. مەن پەقەتلا دىمىقىمدا كۈلۈپ قويۇپ ئولتۇراتتىم.

مەن ئويلايمەن، مەن پۈتكۈل مەخلۇقاتلارنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاهنىڭ يولىدىمەن. «كىمكى ئاللاهدىن قورقىدىكەن، ئاللاه ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ [2]. ئاللاه ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ، كىمكى ئاللاهقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاه ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ...» دېگەن ئاللاهقا تەۋەككۇل. مەن دېدىم:

بولدى، مېنى خىزمەتكە تەقسىم قىلماڭ، ئۆيدىكىلەرگە خىزمەت چىقمايۋاتىدۇ دەپ قويۇڭ.

ئۆيدىكى بېسىم هېچ توختايدىغاندەك ئەمەس. «بېسىم» دېگەن سۆز ئېيتماققا ئاسان بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ سالمىقى هەقىقەتەن ئېغىر ئىكەن. كېيىن ئاڭلىسام «كۆكەرتىش ئىدارىسى» دا بىر سان كەم ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىيىم-كېچەككە چەك قويۇلمايدىكەن. مەن ۋاقتىنچە بېسىمنى ئازايتىش مەقسىتىدە شۇ ئىدارىگە بۆلۈنۈشنى تەلەپ قىلدىم. بۇ ئىدارىدە ئالدى-كەينى بولۇپ 2 ئاي ئىشلەپتىمەن. لېكىن بۇ ئىككى ئاينى ئۆتكۈزۈش ماڭا هەقىقەتەن تەس توختىدى.

ئويلايمەن، هەي... « بەندىدىن قورقۇپ ئاللاه ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىمەن.»

خىزمەتكە قاتنىشىپ ئىككى ئايدىن كېيىن تويۇممۇ بولدى. شۇ كۈندىن باشلاپ خىزمەتتىن توختىدىم. ئۆيدىكىلەر خىزمەتتىن ئايرىلغىنىمنى بىلگەندىن كېيىن هازا تۇۋلىشىپ كەتتى. ئاپام «ساڭا بەرگەن سۈتۈمگە رازى ئەمەس، ئەجرىمگە رازى ئەمەسمەن. سەندەك بالىدىن قول ئۈزدۈم، ماڭا قىلغانلىرىڭنى بالاڭدىن كۆرەرسەن» دەپ قارغىدى. قاتتىق يىغلاپ ئاغرىپ يېتىپمۇ قالدى. دادام بولسا كۆزىگە ياش ئېلىپ «ئىسىت.. بۇنىڭغا سىڭدۈرگەن ئەجرىمىز . بۇنىڭ بۇنداق ئەجرىمىزنى بىكار قىلىۋېتىدىغىنىنى بالدۇرراق بىلگەن بولساق ئوقۇتماي يۇرتتا قوي باققىلى قويساق بوپتىكەن» دەپ كەتتى.

ئىشقىلىپ سۆزلەپ كەلسەك گەپ ئۇزۇن. ئۇ چاغلاردىكى ماڭا كەلگەن بېسىملارنى سىز تەسەۋۋۇر قىلالايسىز ياكى قىلالمايسىز. بۇخىل بېسىم ئۇدا 2 يىل داۋاملاشتى. ئۇ چاغلاردا «ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانما» دېگەن كىتاب ماڭا ئاجايىپ روھى ئوزۇق ۋە ئۈلگە بولاتتى. ئاللاھ بۇ كىتابنى يېزىپ قالدۇرغان كىشىگە كۆپ ئەجىرلەرنى ئاتا قىلسۇن. مېنىڭ ئىسلام يولىدا توختىماي ئىزدىنىشىمگە بۇ كىتاب بىلەن ھېلىقى دەۋەتچى قىزنىڭ ئاجايىپ زور رولى بولغان.

ئۇ چاغلاردا گەرچە مېنى بېسىم ئۆز قاينىمىغا ئېلىۋالغان بولسىمۇ، توختىماي ئىزدىنەتتىم. ماتېرىيال كۆرەتتىم، خاتىرە قالدۇراتتىم. قىزنىڭ دەۋەتلىرىگە باراتتىم. ئۇ چاغلاردا ئېغىزىمغا سۆزلەر نەدىن كېلەتتىكىن تاڭ ناتىقلاردىن ۋە كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەۋەتچىلەردىن بولۇپ قالغان ئىدىم. ئىدىيەمدە پەقەت «ئىسلام يولىدا چېكىنىش يوقكى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرلەش بار. جەننەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ ، مەن بۇ تەلەپكە توشۇشۇم كېرەك» دېگەن يېتەكچى پىكىر ھۆكۈمدار ئىدى. پۈتۈن پائالىيەتلىرىم ئۆيۈمدىكى ئىشىك بېشىغا چاپلانغان «كۈندىلىك ھەرىكەت پىلانى» بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. ئۆيۈم بولسا ئاساسلىق تەبلىغ سورۇنى ئىدى. ھەپتىدە نەچچە قېتىم ئۆيدە تۈنەك ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. ئون نەچچە قىزلار كېچىچە بىللە ناماز ئوقۇشۇپ، دەۋەت قىلىشىپ چىقاتتۇق. ھەممىمىزنىڭ روھى-كەيپىياتىمىز شۇنچىلىك يۇقىرى، قىزغىنلىقىمىز ئېشىپ-تاشقان ھالەتتە ئىدۇق. پات-پات ئىزدەپ-سوراپ يۈرۈپ جاھىلىيەتتىكى دوستلىرىمغا دەۋەت ئېلىپ باراتتىم. بىر ئىشنى ئويلىسام مېنى ئاچچىق كۈلكە قىستايدۇ. دوستلىرىمغا دەۋەت قىلىپ ئىسلامغا كىرگۈزۈپ بولالماي، ئاخىرى شەھىرىمىزدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن دەۋەتچى ئوغۇل قېرىنداشلىرىمىزدىن ئىككىنى دەۋەت ئېلىپ بېرىشقا تەكلىپ قىلدۇق، ئۇلار قۇرئان كەرىمدىكى قىيامەت ۋە دوزاخ توغرىسىدىكى ئايەتلەرنى تەبلىغ قىلىپ كۆزلىرى ياشلاندى. ئۇ قىزلارنى كۆزەتتىم ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەندەك ئولتۇراتتى. ئاخىرى ئۇ ئىككى قېرىنداش دەۋەتنى ئېسىل دۇئالىرى بىلەن ئاياغلاشتۇرۇپ كۆزلىرىدىكى يېشىنى ئېيتقىنىچە چىقىپ كېتىشتى. مەن قىزلاردىن سورىدىم:«قانداقراق ئويلاشتىڭلار؟ چۈشەندىڭلارمۇ؟» ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋابى:«ئىسلامدىكى باللار نېمە دېگەن چىرايلىق!» دېگەن شەيتاني سۆز بولدى. ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ھىدايىتى بولمىسا بەندىنىڭ كۈچەپ كەتكىنى بىكار ئىكەن.

ئىشقىلىپ ئۇ چاغلاردىكى كۈچلۈك ئىمان، جاسارەت، جەڭگىۋارلىق، سىناقلارغا بولغان بەرداشلىقلارنى سۆزلەپ كەلسەم داستان چىقىشى مۇمكىن. ئولتۇرۇپ ئويلاپ كەتسەم قەلبلىرىم سۆيۈنۈپ، يايراپ كېتىدۇ. ئەينى چاغلاردىكى ئۇ جاسارەت، جەڭگىۋارلىقنى ئېغىزىمدىن كۆپۈك چىقىرىپ سۆزلەۋەرسەم، سىلەرمۇ مەندىن بەكرەك جەڭگىۋار ئۆتكەن ئىسلامي ھاياتىڭلارنى ئەسلەپ خىيالغا پېتىپ خەتنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇماي قويماڭلار يەنە!

شۇنداق قىلىپ 2 يىل ۋاقىت ئۆتتى. ئائىلەم بۇزۇلۇش تەرىپىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئىددەت تۇتتۇم. ئىددىتىم توشىدىغانغا ئاز قالدى، نەگە بېرىشىم كېرەك؟ ئۆز ئائىلەمگە قايتىشىم كېرەكمۇ؟ ئۇلار ھازىرغىچە مېنى خىزمەتكە قايتا تىزىملىنىشقا ئۈندەۋاتقان. دەل شۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىدىكى «ئۈرۈمچى قىزلار كەسىپي مەكتىپى » تېلېۋىزوردا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانى بېرىۋاتاتتى. ئىددىتىم روزا ھېيت كۈنلىرىگە ئۇلگۇرۇپ توشتى. مەن كومپيۇتېر ۋە ئالتۇنلىرىمنى سېتىپ پۇل قىلىپ ھېيت بولغىنىغا قارىماي ئۈرۈمچىگە ئاتلاندىم. مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىلار دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلگەن بولۇپ تېلېفون قىلىپ ئىزدەپ سوراپ يۈرۈپ مەسئۇل كىشىلەرنى تېپىپ مەكتەپكە ئورۇنلاشتىم. پۈتۈن ياتاق بىناسى تىپ-تىنچ بولۇپ، ئاندا-ساندا بىرەر ئىككى قىز پەيدا بولۇپ قالاتتى. نەچچە كۈندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار يىغىلدى، دەرسمۇ باشلاندى. كەچلىرى ياتاق-ياتاقلارغا كىرىپ دەۋەت ئېلىپ باراتتىم. بۇنىڭ تەسىرىدە نۇرغۇن قىزلار ناماز ئوقۇشقا

كىرىشتى. كەچتە تانسىخانىلارغا يۈگۈرىدىغان قىزلارمۇ ئاستا-ئاستا ياتىقىمىزغا مېنى ئىزدەپ كىرىشكە باشلىدى. بۇ مەكتەپ «ئاپتونوم رايونلۇق ئايال كادىرلارنى تەربىيىلەش مەركىزى» نىڭ تارمىقى بولۇپ ھەپتىدە نەچچە سائەت «ئايالLار ئۆزىنى بىلىش» توغرىسىدا سىياسىي دەرس ئۆتۈلەتتى. بۇ دەرستە سۆزلىنىۋاتقان مەزمۇنلار مېنى بوغۇلدۇرۇپلا قوياتتى. ھەتتا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئارقىسىدىن ئىشخانىسىغا كىرىپ داۋالىشىپمۇ كېتەتتىم. ئۇلار ماڭا قايىل بولمايتتى. مەن ئۇلارغا قايىل بولمايتتىم. ئەتراپىمنى پۈتكۈل بۇزۇق-دۇنيا پىكىرلىرى ئوراپ تۇرغان، مەن بولسام بۆرە ئارىسىغا كىرگەن قوي ئىدىم. ئۇلار ماڭا ئۆز پىكىرىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ۋە ئىسلامىي ئەقىدەمگە كۇفرى ئەقىدىلىرىنى سىڭدۈرۈشكە كۆپ ئۇرۇندى . مەن دۈچ كېلىۋاتقان بىردىنبىر قىيىن مەسىلە مۇنچىغا چۈشۈش مەسىلىسى بولدى. ئايالLارنىڭ ئاممىۋى مۇنچىغا بىرىشى ھارام. ئويلاپ-ئويلاپ بۇنىڭغىمۇ ئامال تاپتىم. كېچىدە قىزلار ھەممىسى ئۇخلاپ قالغان چاغدا چايداندىكى قايناق سۇنى چېلەككە تەڭشەپ، ياتاق بىناسىنىڭ ئاممىۋى ھاجەتخانىسىدا يۇيۇناتتىم. بۇ دەل بىرىنچى ئاي ۋاقىتلىرى-ھاۋا قاتتىق سوغۇق ئىدى. لېكىن تۇرمۇش بۇنىڭغىمۇ كۆندۈرۈۋەتتى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن يولدىشىم يارىشىشنى ئېيتىپ كەلدى. مەن تۇرمۇشۇمنى قايتىدىن باشلاپ بېقىش مەقسىتىدە قايتىدىن يېنىشتىم. مەكتىپىمنىڭ يېنىدىن ئۆيدىن بىرنى ئىجارىگە ئالدۇق. يولدىشىم بولسا «ئۇزۇن يوللۇق تېلېفونخانا » ئاچتى. مەن بولسام مەكتەپتە «تىككۈچىلىك» كەسپىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت دەرسلىرىگە قاتنىشاتتىم. كەچلىرى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنەتتىم. دۇنيالىق بىلەن ئاخىرەت، مەغرىب بىلەن مەشرىققە ئوخشايدىكەن. قايسى بىرىگە بەكىرەك يېقىنلاشسا يەنە بىرىدىن شۇنچە يىراقلىشىدىكەن. دىنىم بارغانسېرى زەئىپلىشىشكە باشلىدى، مەكتەپتە كېيىم تىكىۋاتقان ۋاقىتلىرىمدا ناماز ۋاقتى بولۇپ قالاتتى. ناماز ۋاقتىنى كېچىكتۈرەتتىم ياكى ياتاققا ھاسىرىغىنىمچە يۈگۈرۈپ كىرىپ ھاپىلا-شاپىلا نامازنى ئوقۇشقا كىرىشەتتىم. «ھېلىقى كۆينەكنىڭ ياقىسىنى قايسى يوسۇندا قىلسام بولار؟ يېڭىنى قايسى يوسۇندا قىلسام ياقىسى بىلەن ماس كېلەر؟.. ھە! مۇنداق ئورۇنلاشتۇراي» شۇنىڭ بىلەن نامازمۇ ئاخىرلىشاتتى. تەسبىھ، دۇئانىمۇ تۈزۈك قىلماي يۈگرەپ چىقاتتىم. ئىنگلىز تىلىنى شارىلداپ ئوقۇپ كەتسەم ئۆز-ئۆزۈمگە مەسلىكىم كېلىپ قالاتتى. بەزىدە بىكار بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا ئاللاھقا ياخشىراق ئىبادەت قىلىپ بىر دۇئا قىلاي دېسەم دۇئاغا گەپمۇ كەلمەيدۇ. بەزىدە تەھەججۇدكە قوپاي دەپ سائەتنى، تېلېفوننى ۋە قول تېلېفونلارنى توغرىلاپ قويىمەن، ئۇلار كېچىدە بىرنىڭ كەينىدىن بىرى سايراپ مېنى چاقىرىپ ھالىدىن كېتىپ توختاپمۇ قالىدۇ، توختىمىسا ئۆزۈم توختىتىپ قويىمەن. بامدات نامىزى بەزىدە مېنى ساقلاپ بولالماي ئۆتۈپمۇ كېتەتتى. ئىلگىرى يولدىشىمدىن باشقا ياتلارغا قەتئىي سۆز قىلمايدىغان ئادەم ھازىر زۆرۈرىيەت دەپ قويۇپ بارا-بارا بىمالال پاراڭغا چۈشۈپ كېتىدىغان، بۇرۇن تېلېۋىزور دېگەن نەرسىنى ئۆيگە يولاتمايدىغان كىشى ھازىر VCD پلاستىنكىلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ كومپيۇتېردا كۆرۈپ ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكلەردىن تەسىرلىنىپ ھالىمدىن كېتىدىغان ھالەتلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇرۇن مېنىڭ بىردىنبىر نىشانىم دىنىمدا ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ ئاللاھنىڭ جەننىتىنى قولغا كەلتۈرۈش بولسا، ھازىرقى نىشانىم تىككۈچىلىكنى، لايىھەلەشنى ، ئىنگلىز تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپ يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشىش.

مەكتەپتىكى ئوقۇشۇم ئاخىرلىشىپ روزا ئايلىرىمۇ كەلدى. تاراۋى نامىزىنى ئوقۇيمەن دەپ نىيەت قىلىمەن، نىيىتىم ئەمەلگە ئاشمايدۇ. قۇرئان ئوقۇي دەيمەن لېكىن قولۇمغا قۇرئان ئەمەس ئىنگلىز تىلى كىتاب چىقىپ قالىدۇ. قېرىنداشلار ئىپتارغا چاقىردى. مەن بۇنىڭدىن خوش بولدۇم، چۈنكى قېرىنداشلار بىلەن ئۇچرىشىپ ماۋۇ ئۆلگەن قەلبىنى تىرىلدۈرىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىدىم.

سورۇندىكى پاراڭلار:«ئاۋۇ دەيكۈەن قىلىپ مانچە يۈز مىڭغا سېتىۋالغان ئۆيىنى قانداق ياسىتىمىز؟ كىمنىڭ ئۆيىنىڭ ياسىلىش نۇسخىسى ئەڭ كۆركەم؟ پالانى مۇنداق دېدى. پوكۇنى مۇنداق دېدى. بالام كۈلدى. يىغلىدى» ھەممىسى دۇنيا پاراڭلىرى. ھېچبىر ئاللاھنىڭ سۆزى بولىدىغاندەك ئەمەس. ئۆزۈم بىر تىرىشىپ گەپنىڭ تېمىسىنى بۇراي دەپ تىرىشتىم، بۇرۇن ئېغىز ئېچىلىپ بولغىچە سۆزلەر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، ھازىر گەپنى باشلاپ بولغىچە گەپ ئاخىرلىشىپ بولىدى. شۇنداق تاقا-تۇققا قەلب قوپ-قۇرۇق تۇرسا، نېمە گەپ چىقىدۇ دەيسىز؟ ئاخىرى ئۆز-ئۆزۈمگە ئەپسۇسلانغان ھالدا ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا قوشۇلدۇم.

سورۇندىن تولىمۇ مەيۈس قايتتىم. مەن نېمە بولدۇم؟ مەن پەقەت دىنىمدا ئۆزلۈكسىز ئىلگىرلەش ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەردىن كېچىپ قانچىلىك ئەرزىيەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىمىدىم. مېنىڭ ئەنە شۇ تارتقان جاپالىرىم بىرمەزگىلدىن كېيىن مۇشۇنداق غاپىل ھالەتتە ياشاش ئۈچۈنمۇ؟

روزا ھېيتتا قارىمايغا قايتىپ كەلدۇق. مەن چوڭ ئۆيدە تۇردۇم. يولدىشىممۇ چوڭ ئۆيدە تۇردى. مەن دىنىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىنىم تاپمىدىم، توختىماي قېرىنداشلارنى ئىزدەيتتىم. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايتتىم، لېكىن بۇ قېتىپ كەتكەن قەلب ھېچ ئېرىيدىغاندەك ئەمەس. ئاخىرى ئاللاھقا دۇئا قىلدىم:«ئي ئاللاھ! مېنىڭ بۇ تاشتەك قەلبلىرىمنى ئىمانغا يەنە بىر قېتىم يۇمشىتىپ بەرگىن. قەلبىمنى ساڭا ئىتائەت قىلىش تەرىپىگە يۈزلەندۈرگىن» ئاخىرى قەلبىم ئويغاندى. ئالامىتى-ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى تاشلاپ، دىنى بىلىم ئېلىش ئارقىلىق دىنىمنى ئەسلىگە قايتۇرۇش بولدى.

ھېيتنى تۈگىتىپ ئۆرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. يولدىشىم ياتاقتا ياتتى. مەن ماڭا دەرس بېرىدىغان ئۇستازىم بىلەن بىللە تۇردۇم. ئۇستازىم ئۆزىنى بىلىم ئېلىش، تەلىم بېرىشقا ئاتىغان قانائەتچان، تەقۋا ئاياللاردىن بولۇپ 3 ياشلىق ئوغلى ۋە يولدىشى بىلەن بۇ يۇرتقا مۇساپىر ئىدى. يولدىشى بولسا باشقا يەردە بىلىم ئالاتتى. مەن قۇرئان تىلاۋەتتىن دەرس ئالدىم. ئۇستازىم ھەر كۈنى بامداتتىن ئىككى سائەت بۇرۇن تۇرۇپ نەپلە نامازلارنى ئوقۇيتتى. قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى. مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ بامداتتىن بۇرۇن تۇرالمىدىم ئاخىرى ئۆيگە قەھۋە ئېلىپ كېلىپ شۇنىڭ بىلەن ئۇيقۇمنى ئاچتىم. كۈندۈزلىرى قۇرئان يادلايتتىم. كېچىلىرى ئىبادەتلەرگە تۇراتتىم. ئۇستازىمنىڭ يولدىشى قايتىپ كېلىپ ياندىكى ئۆيگە كۆچتى بۇنىڭ بىلەن يولدىشىممۇ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا ئېيتتىم:«بىز ئۆلگەندىن كېيىن قەبرىمىزدە تازا ئۇزۇن ئۇخلىۋالىمىز، ئەگەر قەبرىمىزدە خاتىرجەم ئۇخلاش نىيىتىمىز بولسا ھاياتلىقىمىزدا ئاز ئۇخلاپ كۆپرەك ئىبادەت قىلايلى.»

شۇنداق قىلىپ كېچىلىك ئىبادەتلەرگە بىللە تۇرۇشتۇق. سەھەردە بامدات نامىزىنى ساقلاپ ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ ئولتۇرۇشۇپ كېتەتتۇق. ھەپتىدە نەچچە قېتىم ئۇستازىمنىڭ يولدىشى كىرىپ تەۋھىد دەرسى بېرەتتى ۋە بىزگە سوئاللارنى تاشلاپ قوياتتى. بىز بىرلىكتە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ كېتەتتۇق. ئادەتتە ناماز ۋە سەجدىنى شۇنچىلىك ئۇزۇن قىلاتتۇقكى بىر پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ تۈگىتىش ئۈچۈنمۇ بىر سائەت ۋاقىت كېتەتتى.

دېمەك ئىبادەتلىرىم ئەسلىگە كېلىپ ھەتتا بۇرۇنقىدىنمۇ ئاشۇرۇپ ياخشى قىلىۋاتقان بولساممۇ لېكىن ئەمەللىرىم ئەسلىگە كېلەلمىدى . ئەمەللىرىم ۋە ئىسلامىي پىكىرلىرىم كۇفرى بىلەن ئارىلىشىپ ياشاپ پۈتۈنلەي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپتۇ. نامەھرەملەرگە قەتئىي سۆز قىلمايمەن دەيمەن لېكىن زۆرۈر تېپىلغاندا سۆزلەپ كېتىمەن. بىرەرسىگە دەۋەت ئېلىپ باراي دەيمەن لېكىن بۇرۇنقىدەك جاسارەت ئەسلا يوق. ھەي...مىڭ ئەپسۇس!

يەنە ھەرخىل ئىچكى ۋە سىرتقى ئامىللار تۈپەيلىدىن ئائىلە تۇرمۇشۇم بۇزۇلدى. مەن قارىمايغا قايتىپ كەلدىم. بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا ئائىلەمدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتمۇ ياخشىلىنىپ قالغان ئىدى.

ئەينى چاغدا مەن ئەڭ ئەنسىرەيدىغان ئىش پېقىرلىق ۋە ياكى باشقا نەرسە ئەمەس، ئەقىدەمنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ قەلبىمنىڭ ھېچنەرسىنى سەزمەس بولۇپ قىلىشى ئىدى. بۇنىڭ دەردىنى يىرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تارتتىم ئەمەسمۇ. بۇخىل بىخۇتلاشقان ھايات كاپىرلارغىلا خاس بولۇپ كەتسۇن.

مېنىڭ بۇ چاغدىكى بىردىنبىر نىشانىم ۋە ئارزۇيۇم ئۆيدىكىلەرنى ئاللاھ يول قويغان دائىرە ئىچىدە رازى قىلىش ئىدى. مەن ئويلايمەن:«مېنى پۈتۈن جاھىلىيەت مۇھىتى ئوراپ تۇردۇ. مەن ھېچ بولمىغاندا نەپلە ئىبادەتلىرىمدىن ئايرىلىپ قالماسلىقىم كېرەك. بۇ نەچچە يىل داۋامىدا ئۆيدىكىلەرنىڭ كۆزىدىن كۆپ ياش ئاققۇزدۇم. ئەمدى بولسىمۇ ئۇلارنى رازى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىدا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئالاي.»

مەن بىر قېرىنداش ئايالنىڭ تاللا بازىرىدىن خىزمەت تاپتىم. ئۆز ئائىلەمنىڭ شارائىتى مېنىڭ ئىبادەتلىرىمگە ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن كەچلىرى ئاساسىي جەھەتتىن دوستۇمنىڭ ئۆيىدە تۇردۇم. كەچلىرى ئىبادەتلەرگە قوپاتتىم. شۇنچىلىك كۆپ كۆز ياشلىرىمنى تۆكۈپ ئاللاھقا دۇئا قىلاتتىم. «ئي ئاللاھ! مېنىڭ بايلىقىممۇ سەن، ئىگەممۇ سەن، باش پاناھىممۇ سەن، ئۆزۈڭ بىلىسەن ساڭا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىدىغانغا ھەتتا ئۆز ئۆيۈممۇ يوق، كۆرۈپ تۇرۇپسەن مېنى پۈتۈن جاھىلىيەت مۇھىتلىرى ئوراپ تۇردۇ. ئي ئاللاھ ھەم! مېنى ئېزىپ كېتىشىمدىن ۋە ئازدۇرۇلۇپ كېتىشتىن، بۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق نازۇ-نېمەتلىرىگە قۇل بولۇپ قېلىشتىن ساقلىغىن. ناۋادا سەن مېنى ساقلىمىساڭ، ماڭا ئىگە بولمىساڭ مەن گۇناھلاردا سەرسانمەن. ماڭا ھەر ۋاقىت سەۋر ئاتا قىلغىن!»

كۈندۈزلىرى دۇكاندا ئىشلىگەچ ماتېرىيال كۆرەتتىم. خاتىرە قالدۇراتتىم. يەنە روزا ئايلىرى يېتىپ كەلدى. روزىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ تىرىشقان بولسامۇ شارائىتىم بۇنىڭغا يار بەرمىدى. شۇنداقتىمۇ ئاخىرقى ئون كۈنلىرى ئىبادەتلەرنى مۇكەممەل ئېلىپ باردىم. بەلكىم ئاللاھ مېنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىبادەتلىرىم ۋە دۇئالىرىم سەۋەبلىك نۇرغۇن تاللاشلار ئىچىدىن ساقلاپ ھازىرقى نېمەتلەرگە ئىگە قىلدى بولغاي.

«سەن تىنچ -خاتىرجەم ۋاقتىڭدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلساڭ. ئاللاھ سېنىڭ بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ياردەم قىلىدۇ.»

دوستۇمنىڭ ئۆيىدە بارغانسېرى قورۇنۇش ھېس قىلىشقا باشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم.

ئۆيدە تېلېۋىزور، VCD، ئېلېكترونلۇق چالغۇ ئەسۋابى، مىكروفون، ھەرخىل ھىندىستان، كورىيە ناخشا پلاستىنكىلىرى، ئۆيىمىزدىكى ئارتىسلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابلار بىلەن ئورۇنلىغان ھەسرەتلىك، مۇڭلۇق كۈيلىرى، ئىشقىلىپ شەيتاننىڭ ئويۇنلىرىنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. كۈندە ماڭا خىزمەت قىلىش، باياشات ياشاش، لايىق تاللاشتا نامازنى ئوقۇشنى ئۆلچەم قىلىۋالماسلىق توغرىسىدا ئىدىيىۋى دەرسى ئۆتۈلۈپ تۇرىۋاتىدۇ. ئۆيدىكىلەر ئازدەك قوشنا -قولۇم، تونۇش-بىلىشلەرنىڭ ماڭا ئېلىپ بېرىۋاتقان دۇنيالىق تەلىم-تەربىيىلىرى مېنىڭ كۈندىلىك تامىقىم ئورنىدا ئىدى.

ئۇ كۈنلەردە ماڭا كەلگەن بېسىم، كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى ئويلىسام ھېلىمۇ نېرۋامدىن ئېزىپ كېيىمىمنى تەتۈر كىيىپ چىقىپ كەتمەيتىمەن دەپ ئويلاپ قالىمەن. ئەنە شۇ چاغدا مەندە پەقەت

ئاللاھ دىن قورقۇپ سوقۇۋاتقان يۈرەكلا قالغان. نامازدا پەقەتلا «ئي ئاللاھ! مېنىڭ دىنىم .....» دېگەندىن باشقا ھېچنەرسە دېيەلمەي كۆزلىرىمدىن ياشلار قويۇلاتتى .

دەل بۇ چاغلار مېنىڭ ئىنگلىز تىلى كۇرسىدىكى چاغلىرىم بولۇپ يول چىقسا ھىجرەت قىلارمەن، بولمىسا يەسلىلەردە دەرس بېرەرمەن دېگەن نىيەت بىلەن بۇ كۇرسقا قاتناشقان ئىدىم. كۇرسىلاردىكىلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇ ئىنژېنېر باشلىقلار ئىدى. دەسلەپتە مېنىڭ ئىسلامي تۇرقۇم ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سېلىپ قويدى. كېيىن ئۇلار مەندىكى تىرىشچانلىقنى كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قىلىشتى ۋە ئارىدىن بىر ئايال ئېيتتى:«ئىدارىمىزدە بىر قەشقەرلىك تازىلىقچى ئايال بار ئىدى. مەن ئۇنى ياقتۇرۇپ قىلىپ ئوقۇتۇپ ئىشخانىدىكى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. سەن كۆپ تىرىشچان ئىكەنسەن، خەنزۇچە خەتتىنمۇ ساۋاتىڭ بار ئىكەن، ئىنگلىزچىنىمۇ ياخشى سۆزلەيدىكەنسەن خالىساڭ سېنى ياخشى خىزمەت ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي. لېكىن سەن بۇنداق كىيىنىپ يۈرسەڭ مەن قورقىدىكەنمەن. ياغلىقىڭنى ئېلىۋەتكىن.» مەن چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ «مەن بىلەن كۆپرەك ئارىلاشساڭ قورقمايدىغان بولىسەن. بۇنداق كىيىنىش مېنىڭ قىزىقىشىم» دەپ قويدۇم. قاراڭ بۇ سىناقلارغا، لايىقلارنىڭ بىرسى شەخسىي ماشىنىلارغا ئىگە پۈتۈن كادىر ئائىلىسى ئىدى. بۇ تەلەيلەرنىڭ ماڭا يۈزلىنىپ كېتىپ بارغىنى. باشقىلار نەچچە ئون مىڭ يۈەن ئاقا ئىشىكلەرنى مېڭىپ يىغلاپ، قاقشاپ يۈرۈپ ئادەتتىكى خىزمەت ئورنىنى ئاران تاپىدۇ. مېنىڭ ئالدىمغا بولسا ئامەت ئۆزىلا ئوچۇملاپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇنداق چوڭ-چوڭ دۇنيا پىتنىلەردىن ساقلىنالىغان بىلەن ئائىلىدىكى ئەھۋالىم ياخشى بولمايۋاتاتتى. دەسلەپتە تېلېۋىزوردىن ئۆزۈمنى تارتىپ يۈرگەن بولساممۇ، بارا-بارا تېلېۋىزوردىن كېلىۋاتقان تەسىرلىك دىئالوگلار مېنى تېلېۋىزور بار ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئوچاقلاردا تېلېۋىزوردا كورىيە كۆپ قىسىملىق فىلىمى «يەنە بىر قاراڭ» مۇ ئىشقىلىپ بىر تېلېۋىزىيە فىلىمى قويۇلۇۋاتاتتى. فىلىم دەل شام نامىزىغا ئۇلگۈرۈپ باشلىناتتى. شام نامىزىنى ئالدىراپلا ئوقۇپ تۈگىتەتتىم-دە، كىنوغا بېرىلەتتىم. فىلىمدىكى ھېلىقى گوگجۇ، يۇنجۇ دېگەن خېنىملار مۇھەببەتتە ئوخشىمىزلىقتا ئۇچرىسا، ئۇلار بىلەن تەڭ ھەسرەتلىنەتتىم. ئۇلار خۇشاللىقتا چۆمسە مەنمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ خۇشاللىناتتىم. ئاللاھ مېنى كۆپ كەچۈرسۇن. جاھىلىيەت، كۇفرى قىلىقلىرىدىن يەنى ئاللاھ يامان كۆرگەن قىلىقلاردىن نەپرەتلىنىش يوق ئۇلار بىلەن ئورتاق ھېسسىيات ھاسىل قىلىۋاتاتتىم. دەسلەپتە ناخشا-مۇزىكىلاردىن ئۆزۈمنى تارتىپ كەلگەن بولسامسۇ بارا-بارا ناخشا پلاستىنكىلىرىنى ئۆزۈم قويۇپ ئاڭلاشقا باشلىدىم. دېمەك مېنىڭ دىنىم يەنە خەتەرگە چۈشۈپ قالغان ئىدى. مەن مەكتەپتىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ «مەھرەم» مەسلىسىگە قارىماي مايتاغدىكى قېرىنداشلار يېنىغا باردىم. چۈنكى مەن دوچ كېلىۋاتقان ئەھۋالنى مەھرەم مەسلىسىدىن چوڭ دەپ قارىدىم. مەن مايتاغدىكى ئەينى چاغدا ماڭا دەۋەت ئېلىپ بارغان قىزنىڭ ئائىلىسىگە چۈشتۈم. ئۇ قىز مېنىڭ كېلىش مەقسىتىمنى بىلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ خېلى ئېغىر كېسەل بولىشىغا قارىماي بىر ياشلىق قىزىنى كۆتۈرۈپ نەچچە كۈن قېرىنداشلار بىلەن كۆرۈشۈشكە ئېلىپ باردى. مەن بارغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئاددىيغىنا ياستىلغان. ھەممە ئاياللارنىڭ يۈزلىرى يېپىق. ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزى بىر تەرەپتىن بىلىم ئېلىۋاتقان بىر تەرەپتىن بىلىم بېرىۋاتقان ھالەتتە ئىدى. بىر قىزنىڭ ئۆيىگە ئاپاردى، قارىسام ئۆينىڭ ئاددىيلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. ھەتتا توك سىمىلىرىمۇ تام قېتىغا كىرگۈزۈلمەي ئېسىلىپ قالغان ھالەتتە ئىدى. ئۆي ئىگىسى قىزنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىمۇ شۇنچىلىك ئاددىي. ئۆزىمۇ كۆپ كىچىك پېئىل، ئوچۇق قىز ئىكەن. مەن يېنىمدىكى قىزغا ئېيتتىم.

-بۇلارنىڭ تۇرمۇشتا ئىقتىسادىن قىيىنچىلىقى بارمۇ؟ ئۇيلىرى نېمە دېگەن ئاددىي. ئۇ قىز كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى-ۋە دېدى:

بۇ ئەر-ئايالنىڭ ئايلىق كىرىمى نەچچە مىڭ يۈەن. بۇلارنىڭ بۇ ئۆيىنى ھېسابلىغاندا ئىككى ئۆيى بار. بۇلار ئىقتىسادنى ئۆي ياساش، كىيىم-كېچەك كىيىش ئۈچۈن ئەمەس ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يەرلەرگە ئەۋەتىدۇ. بۇ قىزمۇ كۆپ بىلىملىك قىز. بىرتەرەپتىن بىلىم ئېلىپ، يەنە بىرتەرەپتىن بىلىم بېرىۋاتىدۇ. ئاللاھ بۇ كىشىلەرنىڭ رىزقىغا كۆپ بەرىكەتلەرنى ئاتا قىلسۇن. ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە كۆپ ئەجىرلەر ئاتا قىلسۇن!

مەن چۈشكەن ئۆيدە ئۈچ كۈن تۇردۇم. بۇ ئۆيدە يولدىشى مېنى كۆرۈپ قالمىدى مەن يولدىشىنى كۆرۈپ قالمىدىم. يولدىشى ئەتىگەندە بامداتتىن كېيىن خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە سۈرە «الرحمن» نى قايتا-قايتا كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ قىرائەت قىلاتتى. ئايال بولسا كېسەلچان بولغىنىغا قارىماي ئەتىگەنلىك تاماق تەييارلايتتى. يولدىشى تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئىشقا كېتىپ بىراقلا كەچتە قايتىپ كېلەتتى. 3 كۈندىن كېيىن كۆڭلۈم پەرىشان قارىمايغا قايتىپ كەلدىم. ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ھاياتى مېنى كۆپ ئازابلاندۇردى.

ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن تېلېۋىزوردا خىزمەتتىن قالغانلارنى قايتا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلانى بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ماڭا دېيىلدىكى:«بۇ قېتىم ئۆز ئىختىيارىڭغا قويۇپ بېرىلمەيدۇ. چوقۇم خىزمەتكە تىزىملىتىشىڭ كېرەك. سەن پەقەت بالىلىق قىلىۋاتىسەن، كېيىنكى بىر كۈنلەردە ھۆكۈمەتتىن تەييار مائاشنى خەجلەپ يۈرگەنلىرىڭدە بىزدىن خوش بولۇپ قالىسەن. بىزنى باقارمىكىن دېمەيمىز. بىزنىڭ مائاشىمىز ئۆزىمىزگە يېتىپ-ئېشىپ تۇرۇپتۇ. بىز پەقەت سېنى كۆز ئالدىمىزدا چوڭ-چوڭ يەپ ئىچىپ، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرسە دەيمىز. ئۆزۈڭنى ياتاقداشلىرىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگىن. ياپ-ياش تۇرۇپ نېمە قىلغىنىڭ بۇ. سەن بۇ ھالدا بىز ئۆلسەكمۇ قانداق كۆزىمىز يۇمۇلىدۇ.»

ئىدىيەمدە ئۇلارنى رازى قىلىش باش پىكىر بولغاچقا ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتمىدىم. بەزىدە ئويلاپ قالاتتىم، «ئاللاھ مېنى بىر تاش ياكى تۇپراق قىلىپ يارىتىپ قويغان بولسىچۇ؟!»

ئۆيدىكىلەر مېنى ئالدىغا سېلىپ دېگۈدەك رەسمىيەت بېجىرىشكە ئاپاردى. كۆڭلۈمدە:«ئى ئاللاھ! يوللارنى ئېتىۋەتكەن، ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇردۇم» دەيتتىم. لېكىن يوللار شۇنچىلىك ئوچۇق. مەندىن سورالدى:«قانداق ئالاھىدىلىكىڭىز بار؟» «كومپيۇتېر ۋە ئىنگلىز تىلى بىلىدۇ.» شۇنىڭ بىلەن قەغىزىم يۇقىرىغا قويۇلۇپ خەۋەر كۈتۈش ئېيتىلدى.

مەن ئويلايمەن:«نەچچە يىلدىن بۇيان ئاتا-ئانامنىڭ كۆزىدىن كۆپ ياش ئاققۇزدۇم. ئاللاھ پەرزەنت ئۈستىدە ئاتا-ئانىنىڭ ھەققىنى چوڭ قىلىپتۇ. نىيىتىمگە ئاتا-ئانامنى رازى قىلىپ ئاللاھنىڭ رىزالىقىغا ئېرىشمەكچى، لېكىن ئاتا-ئانامنى رازى قىلىمەن دەپ ئاللاھ نى نارازى قىلىپ گۇناھقا پېتىپ كېتىۋاتىمەن. بۇ قېتىم خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، يەنە خىزمەت تاشلىسام ئاتا-ئانام ئاچچىققا بوغۇلۇپ قاتارىسىغا يېتىپ قىلىشى مۇمكىن. مېنىڭمۇ ئەمدى ئۈنچىۋالا كۆپ كۆڭۈلسىزلىكلەرگە بەرداشلىق بېرىش كۈچۈم قالمىدى. ھاياتلىقتىكى نىشانىم بىلىم ئېلىش. مەن قانداقلا بولمىسۇن بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىشقا يول مېڭىپ باقاي. كېيىنلىكىمنى ئاللاھقا تاپشۇراي، لېكىن بىلىم ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ئىسلامىمىز ئۈچۈن تۆھپە قوشالارمەنمۇ؟ ياكى قىلغان ئىشىمنىڭ تايىنى يوق كىرىپ ياتارمەنمۇ؟ بىلىمنى ئۆگىنىپ ئۆز ئورنىغا ئىشلىتەلمەي قالسام ئۇ بىلىم قىيامەتتە مېنىڭ زىيىنىمغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ناۋادا چەتئەلدە تۇرۇپ قالسامچۇ؟ دىنىم ئۈچۈن ياخشى بولارمۇ؟ بولدى، بۇ كېيىنكى مەسىلىلەر، ھازىرقى ئاساسلىق مەسىلە كۆز ئالدىمدىكى بۇ قىيىنچىلىقلارنى قانداق ھەل قىلىش»

ئاللاھنىڭ يول بېرىشى بىلەن ھېچقانداق ئىقتىساد سەرپ قىلماي مالايسىيادىن ۋىزا كەلتۈردۈم. ساقچىخانىغا ئېلىپ باردىم. رەسمىيەتلەر بېجىرىلىشكە باشلىدى. ئىشلار خېلى

ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتاتتى. بىردىنلا 50مىڭ (50000) يۈەننىڭ چېكىنى ئېلىپ كېلىشىمنى ئېيتتى. بېشىم قاتتى. مەن بۇنچىۋالا پۇلنى نەدىن تېپىشىم كېرەك؟ ئۆيدىكىلەردىن سوراشقا بولمايدۇ. ناۋادا ئەينى چاغدا مېنىڭ خىزمىتىم ياكى ئۆيۈم بولىدىغان بولسا ھىجرەت قىلىپ دىنىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھېچ ئىككىلەنمەي سېتىۋەتكەن بولاتتىم.

مەن ھېلىقى دۇكاندا ئىشلىگەن ئايالنىڭ ئۆيىگە باردىم ۋە ئەھۋاللارنى بايان قىلدىم. ئۇ ئايال ئېيتتى:«مەن بۇ يىل ئىقتىسادنى ئۆي ياستىشقا ئىشلىتىۋېتىپتىمەن، يېنىمدا ئارتۇق ئىقتىساد يوق. لېكىن مەن بىر دوستۇمدىن سوراپ باقاي.»

ئۇ دوستىنىڭ بانكىدا يەنە بىر يۈرۈش ئۆي سېتىۋېلىشقا يىغىپ قويغان 150مىڭ يۈەن پۇلى بولۇپ، بۇ ئايال بىر مۇنچە كاپالەتنى بېرىپ 50 مىڭ يۈەننىڭ چېكىنى ئېلىپ كەپتۇ. بىز خوش بولۇشۇپ بانكىغا بىرلىكتە رەسمىيەت بېجىرگىلى باردۇق. مەسئۇل كىشى ئېيتتى:«پاسپورت چىققىچە پۇل ئالماي تۇرىسىلەر. ناۋادا ئارلىقتا پۇلنى ئالماقچى بولساڭلار پاسپورت ئىشىڭلار توختىلىپ تۇرۇلىدۇ. پاسپورتىڭلار قانچىلىك ۋاقىتتا چىقىدۇ؟ قانچىلىك ۋاقىتقا قويىسىلەر؟» بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىمغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەكلا بولۇپ كەتتىم. پاسپورت بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە چىقاتتى. لېكىن ئۇ ئايال ئۇنچىلىك ۋاقىتقا قوشۇلارمۇ؟ دوستىغا يەنە تېلېفون قىلدۇق. قولىمىزدا ئۇ ئايالنىڭ پۇل چېكى، مەسئۇل كىشى قولىغا قەلەم ئېلىپ رەسمىيەت قەغىزىنى تەييارلاپ تەييار بولۇپ تۇرماقتا. مەن بولسام پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن تېلېفوندا خوش خەۋەرنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتىمەن. تېلېفون ئېلىندى. دوستى گەپنىڭ بېشىنى ئاڭلاپلا:«بولدى، بولدى. چاتاق چىقسا كىم ئىگە بولىدۇ. مەن پەقەت بىر كۆنلەرلا بەرگەن» دېدى.

نېمىدېگەن بىچارىلىك. ھە؟! ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن مال-دۇنيا دىن ئامال بار ئۆزۈمنى تارتىپ كەلدىم. قاراماي شارائىتىدا ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيىسىدە ئۆتكەن بولساممۇ مەن ئەزەلدىن ئۆزۈمنى بۇنداق بىچارە، پەس ھالەتتە ھېس قىلىپ باقمىغان. مەن پەقەت ئەمدىلا پۇل دېگەن بۇ نەرسىنىڭ ھەقىقى قەدىر-قىممىتىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم.

مەن يولدا ماڭغاچ ئۆز-ئۆزۈمگە سۆزلەۋاتىمەن:«ئې ئاللاھ! مەن ئەزەلدىن سەندىن مال-دۇنيا، بايلىق تىلەپ باقمىدىم. مانا مەن سېنى بىردىن-بىر بايلىقىم دەپ تونۇپ كەلگەن ئىدىم. ئې ئاللاھ! مەن بۇنىڭدىن كېيىن مېنى باي قىلىشىڭنى ھەتتا ئاشۇرۇپ بېرىشىڭنى تىلەيمەن. ئۇنى ئۆز نەپسىمنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەندەك دىنىنى ساقلاپ قالالمىغان، چىقىش يولى تاپالمىغانلار ئۈچۈن. ئې ئاللاھ! مېنى پەزلى-كەرىمىڭ بىلەن باي قىلغىن.»

ئەتىسى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى مەن قىزىغا تەجۋىددىن دەرس بەرگەن بىر قېرىنداش ئايال ئېسىمگە كەلدى. ئۇ ئايال قولى ئوچۇق، مېھماندوست ئايال ئىدى. مەن كۆرۈشۈپ، بولغان ئەھۋاللارنى ئېيتتىم. ئۇ ئايال يولدىشىدىن مەسلىھەت ئالغاندىن كېيىن يولدىشى مەن بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئۇقۇپ ياردەم قىلماقچى بولدى. ئەتىسى بانكىدا كۆرۈشتۇق. ئۇلار ئادەم ئاۋارە بولىدىغان ئىش بولمىسۇن دەپ ۋاقىتنى ئۇزۇنراق قىلىپ پۇلنى ئىككى ئايلىققا، مېنىڭ نامىمغا قويۇپ بەردى. ئىسپات قەغىزىنى ساقچىخانىغا تاپشۇردۇم. خەۋەر كۈتۈش ئېيتىلدى. (ئاللاھ ئۇ ئەر-ئايالدىن رازى بولسۇن! مەندەك بىر دىنىنى ساقلاپ قالالماي چىقىش يولى تاپالمىغان ئاجىز قىزغا قىلغان ياردىمى سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارنى ئىسلامغا تېخىمۇ ھىدايەت قىلسۇن. ئۇلارنىڭ ماڭا ياردەم قىلغان ئىقتىسادىغا ھەسسىلەپ بەرىكەتلەرنى ئاتا قىلسۇن.)

شۇنداق قىلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن پاسپورت قولۇمغا تەگدى. باشقىلار نەچچە مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ يىللاپ كۈتۈپ يىغلاپ كۆرۈشىدىغان پاسپورت بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئالدى-كەينى 400 يۈەن بىلەنلا پۈتتى. پاسپورتنى قولۇمغا ئالدىمدە پاسپورتقا قاراپ كۈلۈپ كەتتىم.

يېنىمدا بىر پۇڭ پۇل بولمىسا بۇنى نېمىگىمۇ ئىشلىتەرمەن؟ بىر دوستۇمغا مەسلىھەت سالدىم. ماڭا دېدى:

ئۇ يەر، بۇيەرگە بارمەن دەپ نېمە قىلارسىز. ئايال كىشى يالغۇز سەپەرگە چىقىشنىڭ ئۆزىلا بىر هارام. خىزمەت بەرسە ئىشلەپ، تۇرمۇش قۇرۇپ خاتىرجەم يۈرمەمسىز؟ قاچانغىچە بۇنداق يۈرىسىز؟

مەن يالغۇز ئويلانماقتىمەن:«مەن ئىشلارنى بەكلا تەسلەشتۇرۇۋېتىپ بارامدىمەن نېمە؟ مېنىڭ ئويلىغانلىرىم خاتامۇ؟ نۇرغۇن قېرىنداشلارمۇ ئىدارىسىدە رومالىنى ئارقىدىن چىگىپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇقىم، خاتىرجەم ئائىلىسى ۋە ئۆيى بار» مەن ئۆزۈمنى هۆكۈمەتتە ئەنە شۇنداق هالەتتە خىزمەت قىلىپ، ياستىلغان چىرايلىق ئۆيلەردە دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدىم. مەن قوبۇل قىلالمىدىم. ئۇ چاغدا دىنىم قانداق بولار؟ تېخىمۇ تەقۋالىشىپ كېتەرمەنمۇ، ياكى لەقۋالىشىپ؟ كۆز ئالدىمدا جىهاد پىلاستىنكىلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلار تەرىپىدىن تارتىۋاتقان خورلۇق، زۇلۇملىرى، ماكانسىزلىقلىرى.... ئۇنداقتا قېرىنداشلىرىمىز ئەنە شۇنداق ئاچلىق، خارۇزار، ئۆي-ماكانسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان مۇشۇنداق بىر زامانلاردا بىز بەس-بەس بىلەن خاتىرجەم تۇرمۇش قوغلاشساق توغرا بولامدىغاندۇ؟ بىزنىڭ هازىرقى بىردىن-بىر ۋەزىپىمىز شۇ بولۇپ قالدىمۇ؟ نېمىشقىكىن دىلىم قەتئىي قانائەت هاسىل قىلمايتتى. نېمىلەرگىدۇر ئىنتىلەتتىم. لېكىن قەلبىمنىڭ زادى نېمىگە ئىنتىلىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتىم. ئۆزۈم ياشاۋاتقان ئەنە شۇ دىيارنىڭ شارائىتىنى ئەسلا ياقتۇرمايتتىم.

مەن دىيارىمىزدىكى ئۆزگە پېقىرلىق تۇرمۇشنى ئىختىيار قىلىپ ياشاۋاتقان بىر ئايالنىڭ ئۆيىگە باردىم، ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ ئۆيلەرنى بىرقۇر كۆزىتىپ چىقتىم. ئۆي ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، بۇلارنىڭ تۇرمۇشنى ساهابىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئوخشاتقۇم كەلدى. مەن ئۇ ئايالدىن مەسلىھەت ئالدىم. ئۇ ئايال ئېيتتى:

-مېنىڭچە سىز چىقىپ كېتىڭ، ئوقۇڭ. سىز باشقا زېمىنلارنى كۆزلىمەي پاكىستاننى كۆزلەڭ. مۇجاهىد ئەر-ئاياللار شۇ يەرگە يىغىلغان دەپ ئاڭلىدىم. دىنىنى دېسىڭىز باشقا زېمىنغا قارىغاندا پاكىستان ياخشى. يېنىمىزدا تۇرمىدىكى قېرىنداشلار ئۈچۈن يىغىپ قويغان 5.000مىڭ يۈەن بار. سىزگە بىر ئامال قىلىپ باقايلى. پەقەت چىقىۋالسىڭىزلا ئەتىسىگە ئاللاھ ئۆزى ئىگە بولىدۇ.

يېنىمدا ئارتۇق ئىقتىساد بولمىسا، ئۇيەرگە چىقسام قانداق بولار؟

ئۆزىڭىز بىلىسىز. ساهابىلارمۇ هىجرەت قىلىش ئۈچۈن مال-دۇنيانى قولتۇقلاپ ماڭمىغان، بىر كۈنلۈك يېمەك ئىچمىكى بولسىلا ئەتىنى ئاللاهقا تاپشۇرغان. ئاللاهقا تەۋەككۇل قىلىڭ نەچچە يۈز مىڭنى قولتۇقلاپ ماڭسىڭىزمۇ ئاللاهنىڭ ياردىمى بولمىسا پۇلنىڭ قولىدىن هېچنېمە كەلمەيدۇ سىز پۇلغا ئەمەس ئاللاهقا ئىشىنىڭ.

يۇقىرىقى سۆزلەر دەل مېنىڭ قەلبىمدىن چىقتى. مەن دەرهال پاكىستانغا چىقىپ كىرگەن قىزنى ئىزدىدىم. ئۇ قىز ماڭا ئىسلام ئابادتىكى خەلقئارالىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنى تونۇشتۇردى . يۈرىكىمگە دەرهال ئوت تۇتاشتى.

قانچىلىك ئىقتىساد كېتەر؟

ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 20.000 مىڭ يۈەن تەييارلىسىڭىز بولىدۇ.

مەن يىلى چىققان تويتەك ئاستاغىنا بوشاپ چىقىپ كەتتىم. نەچچە كۈندىن كېيىن دۇبەيدىكى تونۇشلاردىن تېلېفون كەلدى. ئۇلار ماڭا بىراۋنى لايىق قىلىپ تونۇشتۇردى. 30 ياشلاردىن هالقىغان كىشى بولۇپ مەكتەپ مۇدىرى ئىكەن. داچا ۋە شەخسىي پىكاپلارغا ئىگە ئىكەن.

ئۇلار ئېيتتى:«ئىمان ئېيتىپ، تۇرمۇش قۇرۇپ، تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈپ باقمىدىڭىز. ئائىلىڭىزدە ئۇزۇن تۇرۇشىڭىز ياخشى ئەمەس. قېنى ئويلىشىپ بېقىڭ.»

مەن ئويلىشىپ بېقىپ جاۋاب بەرمەكچى بولدۇم. مەن يەنىلا ئۆزۈمنى ئېسىل داچىلاردا، شەخسىي پىكاپلاردا، ھەممە نەرسەم تەييار ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلدىم. قەلبىمنىڭ بىر يەرلىرى يەنىلا ئۇنداق تۇرمۇشنى خالىمايۋاتاتتى. مەن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ بۇ ئىشنى بولدى قىلدىم.

ئاردىن بىر قېرىنداش ئايال ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش ئۇچۇن خىزمەتتىن چېكىنگەن بىر قېرىنداشنى لايىق قىلىپ تونۇشتۇردى . مەن «ئۆيدىكىلەر قوشۇلماسلىقى ئېنىقلا گەپ، شۇڭا مەن چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇيمىكىن» دېدىم.

قاچانغىچە بۇنداق يۈرىسىز، يېشىڭىزمۇ بارغانسېرى چوڭىيىدۇ، چىرايىمۇ بارغانسېرى ئەسلىدىن كېتىدۇ، مۇشۇ يېشىڭىزدا تۇرمۇشىڭىزنى ئويلىشىۋالغىنىڭىز ياخشى. يالغۇز چىقىپ ئوقۇيمەن دەپ ياقا يۇرتلاردا كىملەرگە تەلمۈرۈپ يۈرىسىز؟

مەن ئويلىدىم:«بۇ ياكى ئاللاھنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان چىقىش يولىمىدۇ؟ يالغۇز ھىجرەت قىلىشىم خاتامۇ؟ قەلبلەرنى ئۆزگەرتكۈچى ئاللاھ بولغاندىن كېيىن ۋاقتى كەلگەندە ئۆيدىكىلەر قوشۇلۇپ قالامدۇ تېخى!»

مەن ئۇ قېرىنداش بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ قېرىنداش تەرەتنى كامىل ئېلىپ، ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەرﷺ گە دۇرۇت -سالام يوللاپ بولغاندىن كېيىن سۆزىنى باشلاپ ئېيتتى: «مېنىڭ تەلىپىم — تويدىن كېيىن يۈزىڭىزنى يېپىشىڭىز كېرەك. مەن رۇخسەت قىلمىغۇچە ئۆيدىن چىقمايسىز. مەيلى قەيەرگە بولسىدىن قەتئىينەزەر ئۆزۈم ئېلىپ بېرىپ ئۆزۈم ئېلىپ كېلىمەن. مەن باشقا قېرىنداشلىرىمىزغا ئوخشاش پۇلنى تامغا چاپلاپ ئۆيلەرنى ياساپ ئۇنداق جاھان تۇتۇپ بەرمەيمەن. تويدا ھەشەمەتچىلىك قىلمايمىز. ئەتراپىمىزدا پەقەت ئىقتىساد سەۋەبىدىن توي قىلالماي يېشى 30 دىن ھالقىغان قېرىنداشلىرىمىز نۇرغۇن. بۇخىل ئەھۋالدا بىز ھەشەمەتچىلىك قىلساق توغرا بولارمۇ؟ مېنىڭ تەلىپىم مانا مۇشۇ.»

بېشىم تولىمۇ قاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ قېرىنداش دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ھەق، توغرا. لېكىن ئۆيدىكىلەر بۇنىڭغا كۆنەرمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى رازى قىلىپ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش ئارزۇيۇم بار.

نەچچە كۈن ئويلىنىپ پۇرسەت كۈتۈپ ئۆيدىكىلەرگە تەستە ئېغىز ئېچىشىم بىلەنلا ئۆيدىكىلەر دەرھاللا رەت قىلدى. مەن ئاللاھنىڭ قايسى تەرەپتىن بولسۇن بىر تەرەپتىن ماڭا چىقىش يولى ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. بۇنىڭغىچە خىزمەت تەقسىم قىلىش ئورنىدىن مېنىڭ قەغىزىمنى يۇقىرىغا يوللاپتۇ. ئاپلا! چاتاق بولدى. ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ توساتتىن ھېلىقى پاكىستانغا چىقىپ كىرگەن قىز تېلېفون قىلىپ تور (ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىسى) غا چىقىشىمنى ئېيتتى. ئەسلىدە ئۇقىز يولدىشىغا ئەھۋاللارنى ئېيتىپتۇ. ئۇ يەردىكى بىر قېرىنداش كىشى ئاڭلاپ ياردەم قىلماقچى بولۇپتۇ. توردا ئۇ كىشى ئېيتتى:«ھىجرەت قىلىڭ. مەن ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن سىزگە ياردەم قىلىمەن. ئوقۇيمەن دېسىڭىز ئوقۇش ئورۇنلىرىمۇ كۆپ.»

مەن قايتىپ كېلىپ ئۆيدىكىلەرگە ئېيتتىم. ئۆيدىكىلەر قوشۇلمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاتا-ئانىنى نارازى قىلىش ھارام. ئۇلارنىڭ رازىلىقىسىز چىقىپ كەتسەم ئاللاھ نارازى بولۇپ قالسىچۇ؟ ئاللاھ نارازى بولغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ياخشى بولمايدۇ. ئۇنىڭغىچە ھېلىقى قىزمۇ پاكىستانغا چىقىپ كەتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ پاكىستاندىن تېلېفون كەلدى.

-قانداق قىلىسىز؟

– ئۆيدىكىلەر قوشۇلمىدى. ئۆزۈممۇ قورقۇپ قالدىم. ئۇ قىز ئېيتتى:

-ئامال بار ئاتا-ئانىڭىزنى ماقۇل كەلتۈرۈڭ. ھىجرەت قىلىپ چىقسىڭىز ھەرگىز پۇشايمان قىلمايسىز. دىنىڭىز ئۈچۈن كۆپ ياخشى.

بىر كۈنى مەن ئۆيدە بولمىغان ۋاقتىمدا پاكىستاندىكىلەر ئاپام بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىپتۇ. مەن ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئاپام ئېيتتى:«بولدى. كىم بىلەن توي قىلساڭ قىلغىن. ياقا يۇرتلاردا خارلىنىپ يۈرگىچە كۆز ئالدىمىزدا نېمە بولساڭ بولغىن. لېكىن شەرت خىزمەتتىن چېكىنىشكە بولمايدۇ.»

ئاپام ئۇ قېرىنداش بىلەن سۆزلەشتى. مېنى خىزمەتتىن چىقىرىۋالماسلىق شەرتى بىلەن تويغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مېنىڭ بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرى چىقمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى-دە ئۈرۈمچىگە تېلېفون قىلىپ ئالدىنقى يولدىشىمدىن مەسلىھەت ئالدىم. ئۇ كىشى ئېيتتى.

-ھىجرەت قىلىڭ، ناۋادا سىز توي قىلسىڭىزمۇ تۇرمۇشىڭىز تۇرمۇش بولمايدۇ. دىنىڭىزنىڭ يەنىلا بۇزۇقچىلىققا ئۇچرايدىغىنى ئېنىق، دىنىڭىز ئۈچۈن ھىجرەت قىلغىنىڭىز ياخشى.

مەن ھىجرەت قىلىشقا قارار قىلدىم. ئارىدا «ئايال كىشىنىڭ يالغۇز ھىجرەت قىلىشى ھارام» دېگەن پەتىۋالار كېلىشكىلى تۇردى. ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشتا خەيرىيەت بولمايدۇ. مەن تۇرۇپ قالدىم. پاكىستاندىن تېلېفون كەلدى.

-قانداق قىلىسىز؟

-مەن ياندىم، ئايال كىشىنىڭ يالغۇز ھىجرەت قىلىشى ھارام ئىكەن.

-ئەتراپىمىزدا نۇرغۇن تەقۋا ئەرەب ئالىملىرىمىز بار. ئۇلار «پەرز ھىجرەت ئۈچۈن ئايال كىشىنىڭ (مەھرەم پەقەت تېپىلمىغاندا) مەھرەمسىز ھىجرەت قىلىشى دۇرۇس» دېگەن ھۆكۈمنى بېرىشتى. ئىككىلەنمەڭ.

-ئاتا-ئانام نارازى بولۇپ قالسىچۇ؟

-ھىجرەتكە ئاتا-ئانىنىڭ رازىلىقى كەتمەيدۇ. ھەقىقى تەپسىلاتلارنى، دەلىللەرنى سىز چىققاندىن كېيىن ئۆزىڭىز بىلىۋالىسىز.

مەن ئاللاھقا قايتا-قايتا كۆز ياشلىرىمنى تۆكۈپ تۇرۇپ دۇئا قىلدىم ۋە تەييارلىققا كىرىشتىم. مەن كۆرۈشىدىغان كىشىلىرىم بىلەن كۆرۈشتۈم. ئالتۇنۇمدىن بىرتال ئۈزۈك قاپتىكەن، ئۇنى ساتتىم. ئۆيدە تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتىم. تەييارلىقىم پۈتتى. لېكىن ئورنۇمدىن تۇرالماي قۇرام تاشتەك ئولتۇرۇپلا قالدىم. ئۆيدىكىلەر بولسا بۇ ئەھۋاللاردىن بىخەۋەر ئىدى. مەن ئاستا ئاپامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئېيتتىم.

-ئاپا، ماقۇل كەلسىڭىز بولمامدۇ، چىقىپ ئوقۇسام، دۇئا بىلەن ئۇزىتىپ قويغان بولسىڭىز قانچىلىك ياخشى بولار ئىدى -ھە؟.

-ئاپام قەتئىي قوشۇلمىدى. مەن ئولتۇرغان جايىمدىلا ئولتۇرۇپ قالدىم. تۇساتتىن تېلېفون جىرىڭلىدى. تېلېفوننى ئالسام ھېلىقى ماڭا دەسلەپتە دەۋەت ئېلىپ بارغان قىز ئىكەن. بۇ قىزنىڭ تېلېفون قىلمىغىنىمۇ ئۇزۇن ۋاقىت بولۇپ قالغان ئىدى. مەن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ قىز ئېيتتى:

-ئىشلار ئۇنچىلىك يىرۇشكەن بولسا سىز قەتئىي ئىككىلەنمەي چىقىپ كېتىڭ. ئاللاھ يولىڭىزنى شۇنچىلىك ئوڭاي قىلىپتۇ. باشقىلارغا مەسلىھەت سالماڭ. بۇ مۇھىت سىزنىڭ بىزنىڭ دىنىمىزغا زىيانلىق بولسا بولىدىكەن، ھەرگىز پايدىلىق ئەمەس. ئاتا-ئانىڭىزنى رازى قىلاي دېسىڭىز، ئۇلارنىڭ نېمىدىن رازى بولىدىغانلىقىنى بىلىسىز. بىز دىنىدا مۇستەھكەم ماڭمىز دەيدىكەنمىز، ئۇلارنى ھەرگىز رازى قىلىپ بولالمايمىز. سىز بۇ مۇھىتتا قانچىلىك ئۇزۇن تۇرىدىكەنسىز، دىنىڭىزمۇ شۇنچە خارابلىشىدۇ. ئاللاھ ئۇ قىزدىن رازى بولسۇن. مەن دىنىدا ئۆزلۈكسىز تىرىشىشنى، مۇشۇنچىلىك ئەقىدىگە ئىگە بولۇشنى مانا بۇ قىزدىن ئۆگەنگەن . مانا بۇ قىز مېنىڭ دىنىمدىكى ئۇستازىم. بۇ قىز مەن ئۈچۈن ھەدىستە بايان قىلىنغان «ئىپار كۆتۈرۈپ يۈرگۈچى» دۇر.

بۇ قىزنىڭ گەپلىرى ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت بولدى ۋە ئورنۇمدىن تۇردۇم. بىر قۇر كىيىم-كېچەك ۋە ئىنگلىز تىلى كىتابىم 800 يۇەن بىلەن ئۈرۈمچىگە ئاتلاندىم. ئۈرۈمچىگە بېرىپ تەييارلىق كۆرۈپ تەييارلانغان ئايروپىلان بېلىتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئەتىگەن سەھەردە ئايروپىلانغىمۇ چىقتىم.

مەن ئىچىمدە ئاللاھقا توختىماي دۇئا قىلىۋاتىمەن:«ئي ئاللاھ! بۇ زېمىن مېنى ئۆز ئەقىدەم، ئۆز خاھىشىم بويىچە ياشاشقا يول قويمىدى. ئالدىڭدا كۆپ گۇناھكار بولۇپ كەتتىم. مانا ھازىر مەن سېنىڭ ھىجرىتىڭگە ئاتلاندىم، ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن مال-دۇنيا ۋە باشقا نەرسىنى كۆزلەپ ئەمەس پەقەت دىنىمنى كۆزلەپ ئاتا-ئانامنىڭ رازىلىقىسىز، مەھرەمسىز سەپەرگە ئاتلاندىم. ئي ئاللاھىم! پۈتۈن نىيىتىم سېنىڭ دىنىڭدا مۇستەھكەم تۇرۇش. ماڭا ئۆزۈڭ ئىگە بولغىن. ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم. سەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى ھەرگىز زىيان تارتقۇزمايسەن. مەن پەقەت ئاجىز ئايال بەندەڭمەن. ماڭا ئىگە بولغىن...!»

يېنىمدا پەقەت 10 يۇەن جۇڭگو پۇلى، بىرقۇر كىيىم، كىتاب-ماتېرىياللىرىم سېلىنغان بىر كىچىك چامادان ۋە ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىم بىلەن پاكىستانغا قاراپ ئۇچتۇم.

ئايروپىلاندا بىرنەچچە خەنزۇ ئايالنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەممىسى پاكىستانلىق ئەرلەر بولۇپ مېنىڭ ئورنۇم دەل 2 ئەركىشىنىڭ ئوتتۇرىسى ئىكەن. مەن بەكلا قورۇنۇپ قالدىم. بۇنى سول تەرىپىمدىكى 50 ياشلار چامىسىدىكى ئەر ھېس قىلدىمۇ ئۆزىنىڭ دېرىزە تەرىپىدىكى ئورنىنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەردى. مەن بۇ كىشىنىڭ يېرىم خەنزۇچە يېرىم ئىنگلىزچە گەپلىرىدىن بۇ كىشىنىڭ ئافغان مىللىتىدىن ئىكەنلىكىنى، ئائىلىسىنىڭ پاكىستاندا ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بەلكىم ئاللاھ مېنى ياخشى كىشىلەرگە يولۇقتۇرۇشنى مۇشۇ كىشىدىن باشلىدى بولغاي بۇ كىشى يولدا كەلگىچە ئىچىملىك ۋە يېمەكلىكلەرنى كەلتۈرۈپ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئۆچىرەتتە تۇرغان ۋاقىتلاردا ئەرلەردىن يىراق قىلىش ئۈچۈن ماڭا ئالاھىدە ئورۇن بوشىتىپ بېرەتتى. بىز پەقەت ئايرودرومنىڭ چوڭ زالىغا كىرگەندىلا ئايرىلىشتۇق. چوڭ زال پۈتۈن يولۇچىلار بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن ناتونۇش مىللەت، ناتونۇش چىراي، ناتونۇش تىللار ئىدى. ماڭا تولىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلغىنى پاكىستان ساقچىلىرىنىڭ ساقچى كىيىمى بىلەن ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ساقاللىرى قىپقىزىل رەڭدە بويالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى نەلەرگىچە كېلەتتى.

مەن باشقىلار قانداق قىلسا شۇنداق قىلىپ رەسمىيەت بېجىرىپ چىقىش ئىشىكىگە كەلدىم. ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى زال كۈتۈۋېلىشقا چىققان كىشىلەر بىلەن لىق تولغان بولۇپ، مەن قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمەي قالدىم. دەل بۇ چاغدا بىراۋنىڭ ئىسمىمنى چاقىرغىنىنى ئاڭلىدىم. ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىسام ئورىنىۋالغان ئۇيغۇر ئايال ئىكەن. مەن چامادىنىمنى سۆرىگىنىمچە ئۇ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتىم. بېرىپ ئۇ ئايال بىلەن كۆرۈشتۈم. توساتتىن بىراۋنىڭ سالام بەرگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىسام قويۇق ساقاللىق بىر كىشى، ئۇ كىشى كېلىپلا چامادىنىمنى ئالدى.

ھاۋا قاتتىق ئىسسىق، پۈتۈن ئەتراپ ۋە بۇ كىشىلەر مەن ئۈچۈن ناتونۇش ئىدى. نېرۋىلىرىم ھەرىكەتتىن توختاپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم.

بىز بىر تاكسىغا چىقىپ ئۇ ئۇيغۇر ئايالنىڭ ياتىقىغا يۈرۈپ كەتتۇق. بۇ ئايال ئۆزى غۇلجىلىق سودىگەر ئايال بولۇپ، سودىگەرلەر ياتىدىغان ياتاقتا ياتاتتىكەن. بىز ياتاققا يېتىپ كەلدۇق. بۇ ساقاللىق كىشى بىزگە تاماق ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ كىشى كىرگىچە بۇ ئايال بۇ يەردىكى كىشىلەر، مۇھىت توغرىسىدا ماڭا خېلى كۆپ چۈشەنچىلەرنى بەردى. بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ كىشى تاماقلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. بۇنداق ناچار روھى كەيپىياتتا گالدىن تاماق ئۆتىدۇ، دەمسىز؟ ئازراق يەپلا بولدى قىلدىم. مەن ئۆيدىكىلەرگە خەۋەر بېرىۋېتىشنى ئويلاپ تېلېفونغا چىقىشنى ئېيتتىم. بىز تېلېفون ئۇرغىلى سىرتقا چىقماقچى بولدۇق. بۇ كىشى ماڭا

يۈزۈمنى يېيىشىمنى ئېيتىپتۇ. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ:«مەن بۈرۈن يۈزۈمنى يېيىپ كېيىن ئىچىۋېتىپ قالغان. بۇ قېتىم يېيىپ يەنە 2-قېتىم ئىچىۋېتىپ قالسامچۇ؟» دەپ ئويلىنىپ قالدىم. ھېلىقى سودىگەر ئايال، بۇ دۆلەت كىشىلىرىنى بىرەر قۇر چۆشەندۈرگەندىن كېيىن يۈزۈمنى يېيىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتتى. مەن ياغلىقىم بىلەن چىرايلىقىنە قىلىپ يۈزۈمنى ياپتىم.

بىللە سىرتقا چىقتۇق. بەلكىم ھەقىقىي ئىسلامىي ھاياتنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلىشىم مۇشۇ ئىش بىلەن باشلانغان بولىشى مۇمكىن. قەلبىم ئىلگىرىكى ھەرقانداق چاغدىكىدىن بەكرەك يۇمشاپ، ۋۇتەندە دىنىمنى ساقلاش ئۈچۈن تارتقان ئەرزىيەتلەر چاقماق تېزلىكىدە كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى. خۇددى ئۈزۈن يىللىق قۇللۇق دەردىنى تارتىپ بىردىنلا ھۆرلۈككە ئېرىشكەن كىشىدەك كۆزلىرىمدىن خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

«ئي ئاللاھ! يۈزۈمنى يەنە بىر قېتىم ياپتىم. مەن كۆتۈرەلمەيدىغان سىناقلارنى ماڭا بەرمىگەيسەن. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە يېپىپ كېتىشكە نېسىپ قىلغىن. مەن سېنىڭ بۇ نېمىتىڭدىن تولىمۇ خورسەن!»

تېلېفونخانىغا بېرىپ تېلېفون ئاالىماي قايتىپ كەلدۇق. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تۇوي توغرىسىدا سۆز ئېچىلدى. مەن ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرماي ئىشلارنىڭ مېنى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى، ئاللاھنىڭ يەنە ماڭا قانداق تەقدىرلەرنى ئاتا قىلىشىنى كۈتتۇم. مەن بارلىق ئىختىيارلىقىمنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا تاپشۇرۇۋەتتىم.

«ئي ئاللاھ! مەن پەقەت ساڭا تەۋەككۇل قىلىپ بۇ زېمىنغا ھىجرەت قىلدىم، سەن مېنىڭ بارلىقىمسەن. سەن مېنىڭ ئىگەمسەن. ماڭا ئىگە بولغىن. مېنىڭ ئۈستۈمدىكى تەقدىرىڭنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى چوقۇمدۇر. ماڭا ياخشى تەقدىر ئاتا قىلغىن!»

توينىڭ ئەتىسى مەن بۇ كىشىنىڭ ئۆزى توغرىسىدا تەپسىلىي چۈشەنچە بېرىشىنى تەلەپ قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇكىشى ئۆزىنىڭ ۋەتەندە ئېلىپ بارغان بەزى دىنىي پائالىيەتلىرى، 5-فېۋرال ۋەقەسى، ئۇنىڭدىكى تەقۋا كىشىلەر، ئۆزىنىڭ ھىجرەتنىڭ مەنىسىنى چۈشۈنۈپ ھىجرەت قىلماقچى بولغاندا ئۆلۈپ كەتكىلى ئىككى يىل بولغان دادىسىنىڭ رازىلىق بىلدۈرۈپ ئېيتقان تەسىرلىك سۆزلىرى، پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئايالى ۋە ئۈچ بالىسىنى تاشلاپ ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن سورىدىم:

– نېمە ئۈچۈن بالا-چاقىلىرىڭىزنى ئېلىپ چىقمىدىڭىز؟ يولدىشىم ئېيتتى:

-بۇ ئىشقا كۆپ ئورۇنغان بولسامۇ ئامال بولمىدى. بۇنى ھەل قىلىمەن دەپ 16مىڭ يۈەن خەجلىدىم. بېجىرىلمىدى.

يولدىشىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئالدىنقى يىلى تېخى تۇوي قىلمىغان ئىنىسىنىڭ جەڭدە شەھىد بولۇپ كەتكەنلىكى، باشقا تەقۋا مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى، ئۇلارنىڭ قانداق شەھىد بولغانلىقلىرىنى ئېيتىپ بەردى. مەن:

-سىلەر ئەرلەر تولىمۇ تەلەيلىك، جىھادقا قاتنىشىش پۇرسىتىڭلار بار. خالىساڭلار شەھىدلىككە ئېرىشىپ پۈتۈن گۇناھلىرىڭلاردىن خالاس تېپىپ ئۇدۇل جەننەتكە كېتەلەيسىلەر. بىز ئاياللارغا ئۇنداق پۇرسەتلەر نېسىپ بولمايدۇ، دېدىم. يولدىشىم:

-قانداق، بېرىپ كۆرۈپ بېقىشنى خالامسىز!؟ ئۇيەردە كۆپلىگەن تەقۋا ئاياللار بار - دېدى.

مەن ھاياجانلانغىنىمدىن تېزلا «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردىم. لېكىن يولدىشىم تەمكىنلىك بىلەن:

-ئالدىرىماڭ، ئۇ يەرلەرنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ قىيىنچىلىق، ئىككى كۈندىلا جاپاغا چىدىماي قاچارسىزمىكىن؟ - دېدى. مەن:

-ئاللاھدىن ماڭا سەۋر ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن. مەن ئۆيەرگە بېرىپ بىرمەزگىل تۇرۇپ ھېچ بولمىغاندا ئۇ يەردىكى ئايالاردىن تەقۋادارلىقنى بولسىمۇ ئۆزۈمگە سىڭدۈرۈپ كەلمەمدىم، دېدىم- كەسكىنلىك بىلەن. يولدىشىم ئېيتتى:

-ئۇنداقتا مەن بىر ئايلىق تۈركىيەگە سودا ئىشى بىلەن بېرىپ كېلەي. سىز شۇيەرگە بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭ. مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىراندا ئۆي ئېلىپ شۇيەردە تۇرايلى. سىز ئۆيدە ئىبادەتلىرىڭىزنى قىلىپ، ئائىلىدە ئولتۇرۇڭ. مەن سودا قىلاي. مەن غەزەپتىن ۋاقىرىۋەتتىم:

-نېمە؟! مېنىڭ ۋەتەندىن بۇياققا چىقىشىم خاتىرجەم ياشاش ئۈچۈنلا ئەمەس. ئۇنداق خىيالىم بولغان بولسا، ئاۋارە بولۇپ بۇياقلارغا چىقىپ يۈرمەيتتىم. مېنىڭ مەقسىتىم بىلىم ئېلىش. ئاۋۋال شۇ زېمىنغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىپ، قالغان ئىشلارنى ئاندىن قارار چىقىرىمەن. يولدىشىم ئېيتتى:

-بوپتۇ تۈركىيەدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەججىگە بارايلى. ھەجدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوقۇيمەن دېسىڭىز ئوقۇتارمەن.

ھەج قىلىش، بىلىم ئېلىش مېنىڭ بىردىن-بىر ئارزۇيۇم. مەن خۇشاللىقتا قاتتىق ھاياجانغا چۈشتۈم. توساتتىن كاللامغا بىر سوئال كەلدى.

-سىز نەدە، نېمە تىجارەت قىلىسىز؟

-تۈركىيەدە ئەتىر سودىسى قىلىمەن.

-نېمە ئۈچۈن ئىنىڭىز بىلەن جىھادقا چىقمىدىڭىز؟

-مەن ئۆلۈمدىن قورقىمەن.

-ياخشى، ئۆلۈمدىن قورققىنىڭىز ياخشى. ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولىدۇ. ھاياتلىقنىڭ پەيزىنى ئۇزۇنراق كۆرەلەيسىز-دېدىم، تەنە قىلىپ. يولدىشىم سورىدى:

-قانداق، مۇجاھىد بولۇشۇمنى خالامسىز؟ ياكى سودىگەر بولۇشۇمنىمۇ؟

-مەن ئۈچۈن بەرىبىر، سودىگەر بولسىڭىز قورساق باقتى سودىگەر ئەمەس، ھىجرەت قىلالمىغان، زۇلۇمدا قالغان مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرەلەيدىغان، ئىسلام ئۈچۈن پايدىسى يېتىدىغان سودىگەر بولۇڭ. ھازىر كۆپلىگەن مۇسۇلمانلىرىمىز ئىقتىسادتا تولىمۇ موھتاج. جىھاد ئۈچۈنمۇ ئىقتىساد كېتىدۇ. بوپتۇ سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن مۇجاھىد بولۇپ، جىھادنى مەن قىلمامدىم.

بىز نەچچە كۈندىن كېيىن لاھوردىكى قارامايلىق ئەر-ئاياللارنىڭ ئۆيىگە قاراپ ئاتلاندۇق. لاھور بىلەن ئىسلام ئابادنىڭ ئارىلىقى يېرىم كۈنلۈك يول بولۇپ يولدا كەلگىچە ئاپتوبۇستىكى تېلېۋىزوردا ھىندىستان فىلىملىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي قويۇپ كەلدى. مەن پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ كۆرۈشكە باشلىدىم. يولدىشىم ئېيتتى:«بۇنداق نەرسىلەرنى كۆرمەڭ. بۇ ھەممىسى جاھىلىيەتنىڭ قىلىقلىرى. بىز بۇ قىلىقلاردىن نەپرەتلىنىشىمىز كېرەك» مەن خىجىل بولۇپ دەرھال كۆزۈمنى كىنودىن ئۈزدۈم. بوكىشىگە قارىسام، ياكى دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى، ياكى ماڭا ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. مەن بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ «بۇۋاياللاردەك مىجەزى بار ئادەممۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ قالدىم. بىرۋاقىتتا بوكىشى ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. تېلېۋىزوردىكى ناخشا- ئۇسسۇللىرى كۆزلىرىمنى يەنە ئۆزىگە قاراتتى. ھەي.... قاچان جاھىلىيەت قىلىقلىرىدىن ھەقىقىي يىرگىنىدىغان ئېتىقاد، ئىمانغا ئىگە بولارمەن؟

لاھورغىمۇ يېتىپ كەلدۇق. ئۇ ئەر-ئاياللارنىڭ ئۆيىنىمۇ تاپتۇق. ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە مېنى ئىسلام ئابادتىكى خەلقئارالىق قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان قەشقەرلىك قىز ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ قىز ماڭا مەكتەپنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بەردى. مەن ئۇقىزغا يولدىشىم تۈركىيەدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جاۋابىنى بەرمەكچى بولدۇم.

ئۇ كۈنى ئۇ ئەر-ئايالار مۇنداق مەسىلىدىن بىرىنى سورىدى. بۇ مەسىلىگە ھەممىمىز كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىشۋاتقان مەسىلە ئىدى.

«سىز نېمە ئۈچۈن بىزنى ياۋروپا دۆلەتلىرىگە چىقىشتىن توسىسىز؟ مەيلى تۈركىيە، مەيلى دۇبەي، بولسۇن ھەممىسى كۇفرى قىلىقلىرى ئەۋج ئالغان زېمىنغۇ؟ ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن پەرقلەنگۈچىلىكى يوق. ياۋروپادا 3يىل ياشىساق ھەقسىز ئۆي بېرىپ، نوپۇسقا ئورۇنلاشتۇرۇدىكەن. بالىلىرىمىزنىمۇ ھەقسىز ئوقۇتالايدىكەنمىز. بۇ يەردىكى ئوقۇغان باللارمۇ مۇشۇ پىكىردە ئىكەن.»

يولدىشىم ئېيتتى:«سىلەر ۋەتەندىن ھىجرەت قىلدىم دەپ چىقتىڭلار. ھىجرەت بىر كۇفرى زېمىندىن يەنە بىر كۇفرى زېمىنغا بولمايدۇ. ھېچقانداق يەردە بىكارلىق ئىش يوق. ئۇلار نېمە ئۈچۈن سىزگە ھەقسىز ئۆي بېرىدۇ، نېمە ئۈچۈن يەرلەشتۈرىدۇ؟ سىز گەرچە بالىلىرىڭىزنى ئىسلام دىنى بىلەن تەربىيىلەيمەن دېگىنىڭىز بىلەن يەنىلا دېموكراتىيە ئىدىيىسىنى كافىرلار بالىغا سىڭدۇرۇپ ماڭىدۇ. توغرا، ھازىر ھېچقايسى زېمىندا ھەقىقى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلمىدى. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەتراپىڭىزدا تەقۋادار بىرتۈركۈم مۇسۇلمانلار بار. ناۋادا ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالىساڭلار ئۇنىڭغا پۇرسەتلەر كۆپ. ھېچ بولمىغاندا بالىلىرىڭلارغا تەقۋا مۇسۇلمان بالىلىرى بىلەن بىللە ئوقۇش پۇرسىتى ھەم بار. نۇرغۇن تەرەپلەردىن قىينالساڭلارمۇ، يەنىلا مۇسۇلمانلار يىغىلغان زېمىندا تۇرغىنىڭلار ياۋروپادا تۇرغىنىڭلارغا قارىغاندا دىنىڭلارغا كۆپ ياخشى.»

ھەقىقەتەن توغرا، نىيىتىدە باياشات ياشاش ئەمەس بەلكى دىنى، ئەقىدىسىنى ساقلاش بولسىلا ياۋروپا دۆلەتلىرىگە قارىغاندا مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئوقۇغۇچى باللار نېمىشقا شۇ پىكىردىكىن؟ ئۇلار نېمىنى كۆزلەپ شۇ پىكىرنى بېرىشكەندۇ؟ بولدى. بۇ مەسىلىلەرگە ئالدىرىماي جاۋاب چىقىپ قالار.

بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن مېنى بىرجۈپ ئەر-ئاياللار ئالغىلى كەپتۇ. يولدىشىم ئۆيدىكى ئەر-ئايال بىلەن تۈركىيەگە مېڭىشقا تەييارلىق قىلىپ قالدى. مەن بۇ بىرجۈپ ئەر-ئاياللار بىلەن سەھەردىلا سەپەرگە ئاتلاندىم. بۇ كىشىلەر كىم؟ بۇلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟ مەن نەگە كېتىپ بارىمەن؟ مەن بارىدىغان جاي قانداق جاي؟ ماڭا ھەممە نەرسە نامەلۇم ئىدى. خىيالىمدا پەقەت مەن بارىدىغان يەردىكى كىشىلەر تەقۋا كىشىلەر دەپلا بىلىمەن خالاس. مېنىڭ ئۇيەرگە بېرىشتىكى بىردىن-بىر مەقسىتىم ئۇ يەردىكى كىشىلەرنى كۆرۈپ تۇرمۇشلىرىنى بىلىپ بېقىش. ماۋۇ كۇفرى زېمىندا كىرلىشىپ كەتكەن قەلبىمنى ئەنە شۇ تەقۋادار كىشىلەر مۇھىتىدا يۇيۇپ تازىلاش ئىدى.

ھاۋا قاتتىق ئىسسىق، نەچچە قېتىم ماشىنا ئالمىشىپ دېگۈدەك شامغا ئۇلگۈرۈپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. ھەيران قالغىنىم كوچىدا بىرەر ئايالنىمۇ كۆرمەيتتىم.

بىز ئاخىرى بىر ھويلىغا كىردۇق. ھويلا ئىچىدە ئاددىيغىنا سېلىنغان بىرنەچچە ئېغىز ئۆي بولۇپ، بىز بىر ئۆيگە كىردۇق. ئۆي ئىچىمۇ ئاددىيغىنا ئۆي-جابدۇقلىرى بىلەن بېزەلگەن، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئايال ناماز ئوقۇۋاتقان، يەردە بىر كىچىك قىز ئويناۋاتقان ھالەتتە ئىدى. دەرھال «ساھابىلار ھاياتىدىن تاللانما» دېگەن كىتابدىكى «ئۇلار ۋاپات بولغاندا ئۆيىدىن پەقەت بىرتال سېلىنچا بىلەن يېپىنچا ۋە ئارپا ئۇنى چىققان. ئۇ بۇ دۇنيالىقنى، ئۇ دۇنيالىققا تېگىشكۈچى ئىدى» دېگەن بايانلار ئېسىمگە كەلدى. ۋە چاقماق تېزلىكىدە دىيارىمىزدىكى ئۆيلىرىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولدۇم. «ھاياتلىقىدا مۇشۇنداق تۇرمۇشنى ئۆزىگە ئىختىيار قىلغان كىشىنىڭ جەننەتتىن ئۆيى بولماي يەنە قانداق كىشىنىڭ ئۆيى بولاتتى» دەپ ئويلىدىم، ئىچىمدە. مەن تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدىم. ناماز ئوقۇۋېتىپ جەينەمازنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى بىرنەرسىگە كۆزۈم غىل-پال چۈشۈپ قالدى. ناماز بولغىنىغا قارىماي قارىۋەتتىم. «قورال!» يۈرىكىم سىيلىپ كەتتى. مەن نامازنى ئوقۇپ بولۇپلا سورىدىم:

-بۇ كىمنىڭ قورالى؟ ئۇ ئۇۋلايدىغان قورالمۇ ياكى؟ ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۆي ئىگىسى ئايال كۈلۈپ تۇرۇپ:

-ھەئە، ئۇنىڭ بىلەن كاپىرلارنى ئۇۋلايمىز. بىرسى مېنىڭ، يەنە بىرسى يولدىشىمنىڭ. كېيىنچە سىزنىڭمۇ بولۇپ قالىدۇ تېخى!

-مەن ھەيرانلىقتا قالدىم. مەن نەگە كېلىپ قالدىم؟ بۇ ئايال يېشى 30 ياش ئەتراپىدىكى ئايال ئىكەنغۇ! بۇ ئايال قورال كۆتۈرۈپ يۈرسە يارىشامدىغاندۇ؟

ئۆي ئىگىسى مېھماندوست ئايال بولۇپ كەچ بولغىنىغا قارىماي تاماق ئېتىپ ئېلىپ كەلدى. بىز ئۇياق-بۇياقتىن ئەھۋاللىشىپ تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن يېتىپ قالدۇق.

ئەتىسى بىرەرقۇر مۇنچىغا چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن كىيىملىرىمنى يۇيۇشقا تەمشىلىۋېدىم، ئۆي ئىگىسى ئايال كۆرۈپ قېلىپ، كېلىپلا قولۇمدىن كىرلەرنى يۇيۇپ بېرىش ئۈچۈن تارتىۋالدى. مەن ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي كىرلىرىمنى قولىدىن ئېلىۋالدىم. تۇۋۋا! ئەجەب مېھماندوست ئايال ئىكەن، مۇشۇكەمگىچە بىرەر ساھىبخانىنىڭ مېھمانغا بۇنچىلىك ئىلتىپات كۆرسەتكىنىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.

مەن ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ ئۆيگە كىرىپ ئۇلار بىلەن ئەھۋاللاشتىم. مەن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن مەن بىلەن بىللە كەلگەن ئايالنىڭ شىماللىق ئايال ئىكەنلىكى، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېت» نىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەنلىكى، كېيىن قاتناشتا بىر مەزگىل خىزمەت قىلىپ بۇ ياققا ھىجرەت قىلىپ چىققانلىقىنى بىلدىم. ئۆي ئىگىسى ئايال بولسا ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۇيغۇر ئايال بولۇپ، كەسپى ئوقۇتقۇچىلىق ئىكەن. ھازىر ئۇ ئايال ھىجرەت قىلغىلى 2 يېرىم يىلدەك بولۇپ قاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ھويلىدىكى قوشنا ئىككى ئايال باللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ كەلدى. ئىككىلىسى ئۆزبېكىستانلىق 21-22 ياشلار چامىسىدىكى قىزلار بولۇپ، بىرسى بوۋا-مومىلىرىدىن تارتىپ ئائىلە بويىچە ھىجرەت قىلىپ چىققان ئىكەن.

مەن بۇ قىزلار بىلەن تونۇشقىنىمدىن بەكمۇ خوش بولدۇم. ئۇلارنىڭ گەپلىرىدە كۆپىنچە «مۇجاھىدلىرىمىز ئۇنداق قىلدى، مۇجاھىدلىرىمىز مۇنداق قىلدى، مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ قورسىقى ئاچقانمىدۇ؟» دېگەن گەپلەر كۆپ بولاتتى. بۇلارنىڭ «مۇجاھىدلىرىمىز» دېگەن سۆزى قۇلىقىمغا بەكلا غەيرى ئاڭلاندى. بۇلارنىڭ دەۋاتقان مۇجاھىدلىرى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋرىدىكى ساھابىلارغا ئوخشاش ھەقىقى تەقۋا مۇجاھىدلارمىدۇ ياكى ئۆز-ئۆزىنى مۇجاھىد دەپ ئاتىۋېلىشقان بىرتۈركۈم كىشىلەرمىدۇ؟ ئارلىقتا بۇلار ئاتاۋاتقان مۇجاھىدلار مېنى كۆرۈپ باقسۇن دەپ vcd جىھاد پىلاستىنكىلىرىنى كومپيۇتېر بىلەن كىرگۈزۈپتۇ. مەن كۆرۈشكە باشلىدىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەن ۋەتەندە كۆرگەنلىرىممۇ بار، كۆرمىگەنلىرىممۇ بار. ئېكراندا چىقىۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دوختۇرخانىلاردىكى نەچچە يۈزلىگەن كاللىسى ئۈزۈۋېتىلگەن مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ-كۆندۈزدە ئوپ-ئوچۇقلا كاپىرلار تەرىپىدىن ئۇچراۋاتقان خورلۇقلار، كاپىرلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان مۇسۇلمان قىز-ئاياللار، كاپىرلار كۆڭۈل خوش قىلىش ئۈچۈن تانكىلارغا تىرىك بېسىلىپ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز، مۇسۇلمانلار ئۈستىگە ياغدۇرۇلۇۋاتقان يامغۇر كەبى بومبىلار....

بۇ كۆرۈنۈشلەرگە چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. پۈتكۈل دۇنيا مۇسۇلمانلىرى شۇنچىۋالا خورلۇققا ئۇچراۋاتقان، مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرى دەريا سۈيىدەك ئېقىۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدە بىزگە تېخى ھىجرەت پەرز بولمىغانمىدۇ؟ جىھاد پەرىز بولمىغانمىدۇ؟

ئارقىدىنلا ئافغانىستاندا تالىبانلار تەرىپىدىن پارتلىتىلغان چوڭ بۇت چىقتى. بۇ ئاياللار كۆز-ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ھاياجانلانغان ھالدا پەخىرلىنىپ تۇرۇپ:«مانا بۇ چوڭ بۇتنى بىزنىڭ ئەرلىرىمىز پارتلاتقان...» دېيىشتى.

ئاھ خۇدا! مەن چۆرگىلەپ، چۆرگىلەپ نەلەرگە، كىملەرنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدىم؟ ئاھ خۇدا! مېنى مۇشۇنداق كىشىلەر بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىپ قويغىنىڭغا مىڭ شۈكرى.

ئې ۋەتەندىكى ئەزىز قېرىنداشلىرىم! ئەنە شۇ ئىچى-تېشىنى مەينەتچىلىك قاپلىغان كۇفرى زېمىندا، جاھاندا تويۇپ ئۆتمەيدىغان قورساقنىڭ، نەپسىڭلارنىڭ غېمىنى تاشلاپ بۇ زېمىنغا كېلىپ كاپىرلار يۇرتىدىكى ئوق بولۇپ قادالساڭلارچۇ! ئې بىزنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ بارىدىغان يەر تاپالماي، ئاستاغىنا ياۋروپادىن پاناھلىق تىلەپ «قورساق باقتى» غا چۈشۈۋالغان ئالىم يىگىتلىرىمىز، ئۆزۈڭلارنىڭ ئالغان بىلىمىڭلارنى، ئەقلى-قابىلىيىتىڭلارنى ئۆزۈڭلارنىڭ شەخسى ئېھتىياج ۋە غەرىزىڭلارنى قاندۇرۇش ۋاستىسى ئەمەس، بەلكى ئىسلام ئازادلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلساڭلار! قىيامەتتە ئاللاھ ئالدىدا ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان بىلىمىڭلار ئۈستىدىكى سوئال -سورىقىڭلار ئاسان بولار ئىدى ئەمەسمۇ؟ مەكتەپىڭلاردا ئۇستازىڭلار «رىزىق ئىنسان ئۆمرى ئاخىرلاشقۇچە ئىنسان بىلەن بىللە، ئىنسان يەيدىغان رىزقىنى يەپ بولماي تۇرۇپ ئۆلمەيدۇ» دېگەن مەزمۇنلار ھەققىدە چۈشەنچە بەرمىدىمۇ؟ ئەجەبا بىلىمنى باياشات ياشاش، قورساق بېقىش ئۈچۈنلا ئۆگەندىڭلارمۇ ؟ ئاللاھ بىزگە بىلىم ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە ئەقىلىنىمۇ قوشۇپ ئاتا قىلىپ بەرگەي.

بۇ ھويلىدا بىر ھەپتىدەك تۇرغاندىن كېيىن مەن بىلەن بىرگە تۇرغان ئەر-ئاياللار بىلەن باشقا ھويلىغا يۆتكەلدىم. بۇ ھويلىمۇ ئاددىيغىنا سېلىنغان بولۇپ، 4 ئېغىز ئۆي بار ئىكەن، بىز ھويلىدا 4 ئائىلە بىلەن تۇردۇق. كۈندۈزلىرى يالغۇز ئۆيدە ماتېرىيال كۆرەتتىم. كېچىلىرى ئىبادەت قىلاتتىم. ئادەتتە ئەسىر نامىزىدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھويلىغا چىقىپ ئائىلەمدىكىلەرنى ۋە قېرىنداشلارنى ئويلاپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم، قوشنا ئۆيدىكى قىزلارنىڭ يولداشلىرى جىھادتىن قايتىپ كەلگەن بولۇپ، دادىلىرى كۆپ جىھادلاردا بولۇپ دادا مېھرىگە قانمايۋاتقان باللىرى دادىلىرىغا تىنىم تاپماي ئەركىلەيتتى. دادىلىرىدىن ئۇنى-بۇنى سورايتتى، دادىلىرى باللىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەچ باللىرىغا قۇرئان ئايەتلىرىنى يادلىتاتتى. «ئۇنداق قىلساڭ مۇجاھىد بولالمايسەن، بۇنداق قىلساڭ مۇجاھىد بولالمايسەن» دەپ ئادەم بولۇش يوللىرىنى ئۆگىتەتتى. بىللە جىھاد ئويۇنلىرىنى ئوينىتاتتى. ئاياللىرى بولسا بىر تەرەپتىن ئۆي ئىشلىرىنى قىلغاچ بىر تەرەپتىن دادىلىرىنىڭ پىكىرىنى قولLAP-قۇۋۋەتلەپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىر گەپ-سۆزلىرىدە «ئاللاھ» تىلغا ئېلىنماي قالمايتتى. ئۇلارنىڭ خۇشال كۈلكە ئاۋازى مېنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى. بۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن ئېزىپ-تېزىپ دۇنيالىق ئىشلىرىدىن «يەنە مۇنداق نەرسىلەرنى قانداق قىلارمىز» دېگەن گەپلەرنى ئەسلا ئاڭلاپ قالمىدىم.

قاراڭ! بۇ ئەڭ ئاددىي تۇرمۇشتىكى خېلى-خېلى بايۋەچچە خېنىملار لەززىتىنى تېتىيالمايدىغان بەختنى، بۇلار نېمىدېگەن خۇشال، نېمىدېگەن خاتىرجەم. مەيلى سىلەر نېمە دېسەڭلار دەڭلار، مەن ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا بېغىشلىغان ئەڭ ئاددىي تۇرمۇشتا ياشاشنى ئۆزىنىڭ يۈكسەك غايىسىغا يېتىش ئۈچۈن ئىختىيار قىلغان چاغدىكى خۇشاللىق ۋە كۈلكە ھەقىقى خۇشاللىق ۋە بەختتۇر .

قوشنامنىڭ 4 ياشلىق ئوغلىغا تولىمۇ مەسلىگۈم كېلىدۇ. ناۋادا سىز ئۇنىڭدىن «سەن ياخشىمۇ ياكى مۇجاھىدمۇ؟» دەپ سورىسىڭىز «مەن مۇجاھىد» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر سىز:«سەن مۇجاھىد ئەمەس ياخشى» دېسىڭىز يىغلاشلىرى بار تېخى. ناۋادا ئاپىسىنى قاقشىتىپ ئاپىسى قوغلىغان بولسا ھويلىدىن چىقىپ كېتىپ:«ئاپا چىقماڭ، ئادەم بار» دەيدۇ. قاراڭ بۇ پىستەكىنىڭ يامانلىقىنى، ئاياللارنىڭ پەردە ئىچىدە يۈرىدىغانلىقىنى كىچىككىنە تۇرۇپ بىلىۋالغانده!

بۇ ھويلىدا ئىككى ھەپتىدەك تۇرۇپ يەنە باشقا ھويلىغا يۆتكەلدىم. بۇ قەشقەرلىك ئەر-ئاياللارنىڭ ئۆيى بولۇپ، يولدىشى خىزمەت ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ كەتكەن ئىكەن. بۇ ئايال ئادەتتە

مېجەزى ئوچۇق، مۇڭداشقاق، مېھماندوست ئايال بولۇپ كۆپىنچە بۇ يەردىكى ئەنسار ۋە مۇھاجىرلارنىڭ تۇرمۇشلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. مەن بىر كۈنى سورىدىم :«سىلەر قانداق قىلىپ ھىجرەت قىلىپ چىقىپ قالغان؟» ئۇ ئايال ئېيتتى:

-يولدىشىم دەسلەپتە ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئىككى بالام بىلەن قالدىم. بىز بالا-چاقىلار پاسپورت بېجىرىپ بولغىچە ئالدى-كەينى 4 يىل ۋاقىت كېتىپتۇ، ھەقىقەتەن تەسكە توختىدى. بىز بىرمەزگىل ئافغانىستاندا ياشىدۇق، كېيىن ئافغانىستان قولدىن كېتىۋىدى بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. بۇ يەردىكى ئەنسارلاردىن ئاللاھ رازى بولسۇن، ئاغرىپ يېتىپ قالغۇدەك بولسىڭىز بېشىڭىزنى سىلاپ ئولتۇرۇپ «ۋاي مۇساپىرلار» دەپ بىز بىلەن تەڭ كۆز يېشى قىلىدۇ. بۇ يەرگە ھىجرەت قىلىپ چىققۇچىلار بولسا، دۇنيانىڭ ھەر يېرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئەرەب، ئىنگلىز، چېچەن، رۇس، تۈرك، ئۆزبېك، قىرغىز، تاجىك، قازاق، تاتار، ئۇيغۇر، ئىشقىلىپ ناھايىتى كۆپ مىللەتلەر بار. ئارىمىزدا ۋەتىنىدە «ساقچى ئىدارىسى» دە ئىشلىگەن، كېيىن ئىمان ئېيتىپ ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئىنگلىز مۇجاھىدلارمۇ بار. بۇ يەرگە ھىجرەت قىلىپ چىققان قېرىنداشلار بىر-بىرىگە ئۇرۇق-تۇغقانلاردىنمۇ بەك كۆيۈنىدۇ. قېرىنداشلار ئىچىدە ھەتتا بالىلىرىمىزنىڭ تەرەت كىيىملىرى بولسىمۇ ئادەم كۆرمەستە يۇيۇۋېتىپ كېيىن ھېچنېمىنى بىلمەس بولۇپ تۇرۇۋالىدىغانلار ئاز ئەمەس.

توۋا! بۇ ئايال راست سۆزلەۋاتامدىغاندۇ ياكى بەك كۆپتۈرىۋەتتىمۇ؟ راستلا شۇنداقمىدۇ؟

بۇ ئايالنىڭ 10ياشتىن ئاشقان بىر ئوغلى بولۇپ دەرۋازىدىن كىرىپ-چىقىشتا داۋاملىق يىراق يەردىن «پوش! پوش!» دەپ كېلەتتى. مەن قانچىلىك بالىدۇ دەپ ئويلاپ قارىسام بويى بىر مېتىردەكلا كېلىدىغان كىچىككىلا بالا ئىكەن. تېخى ئاپىسىغا مېنىڭ دېرىزەمگە پەردە تۇتۇۋېتىشىمنى ئېيتىپتۇ. ئاللاھ بۇ كىچىك مۇجاھىدتىن رازى بولسۇن!

نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ ئايالنىڭ يولدىشى خىزمەتتىن قايتىپ كەلدى. 6-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ھاۋا قاتتىق ئىسسىق، شامالدۇرغۇچمۇ كارغا كەلمەيدىغان ۋاقىت. ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن! ئەتىگەن-كەچلىرى قاتتىق ئىسسىق بولغىنىغا قارىماي ماڭا ھىجرەت ۋە جىھاد توغرىسىدا دەرسلەرنى ئۆتۈپ بەردى. مەن «ئايال كىشىنىڭ مەھرەمسىز ھىجرەت قىلىشى» «قايسى خىل ھىجرەتنىڭ ئاللاھ تەلەپ قىلغان ھىجرەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى» دېگەندەك مەسىلىلەر توغرىسىدا سوئاللارنى يېزىپ كىرگۈزەتتىم، سوئاللىرىمغا شۇنچىلىك ئېنىق جاۋاب بېرەتتىكى ئىككىنچى قېتىم قايتىلاپ سوراشقا ئورۇن قالمايتتى. مەسىلەن: قۇرئان كەرىمدىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر، ئۇنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ۋە ئۇنى تولۇقلاپ كەلگەن ھەدىس، ھازىرقى ئالىملىرىمىزنىڭ ئۇ مەسىلىلەرگە بەرگەن پەتۋاسى دېگەندەك.

ئادەتتە چوڭ قىزىغا داۋاملىق «مېنىڭ، ئاچىڭىزنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ھەمراھ بولۇڭ، يالغۇز زېرىكىپ قالمىسۇن» دەپ كىرگۈزەتتى. مەن بۇ گەپلەرنى ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئاڭلاپ قالاتتىم. بۇ ھويلىدا كۆپىنچە ۋاقتىلىرىم ماتېرىيال كۆرۈش، بوش ۋاقتىلىرىم بولسا بۇلارغا كومپيۇتېردا كىتاب بېسىشقا ياردەملىشىش بىلەن ئۆتتى.

بۇ ھويلىدا بىر ھەپتىدەك تۇرغاندىن كېيىن ئالدىنقى ھويلىغا قايتىپ كەلدىم. ھېلىقى مەن بىلەن بىللە كەلگەن شىماللىق ئايالنىڭ ئىككى ئايلىق بالىسى چۈشۈپ كېتىپ كېسەللى ئېغىرلىشىپ قاپتۇ. بىز بۇ ئايالنى مەركەز دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدۇق. بۇ ئايالدا ئېغىر دەرىجىدە قان ئازلاپ قان بەرمىسە بولمايدىغان ھالغا كېلىپ قاپتۇ. بىزنىڭ قانلىرىمىز توغرا كەلمىدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ مەسئۇل دوختۇر بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى بىلگەندىن كېيىن ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ئىككى قان تەقدىم قىلغۇچىنى تېپىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر بوتۇلكىدىن ئىككى

بوتۇلكا قان ئېئانە قىلدى. مەن شۇنچىلىك خوش بولۇپ كەتتىمكى خۇشاللىقىمدا كۆزلىرىمدىن ياشمۇ چىقىپ كەتتى. «ئې مۇساپىرلارنىڭ ئىگىسى ئاللاھ! ساڭا تۈمەنمىڭلىغان شۈكۈرلەر بولسۇن» دېدىم ئىچىمدە. بۇ ئايالغا قان بېرىلگەندىن كېيىن چىرايلىرى ئۆڭشىلىپ كېسىلى ياخشىلىنىش تەرىپىگە قاراپ يۈزلەندى. مەن ئەسلىدە بۇ ئايالنى ئۆلۈپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئۆزى تېخى ۋەسىيەتلىرىنى قالدۇرۇپمۇ بولغان ئىدى. بىچارە مۇجاھىد يولدىشى ئايالىدىكى ياخشىلىنىشنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا نېمە قىلىشىنى بىلمەيلا كەتتى. نەچچە كۈندىن كېيىن يولدىشىم تۈركىيەدىن قايتىپ كېلىپ، دوختۇرخانىغا مېنى ئالغىلى كەپتۇ. ئىسلام ئابادتا ھەجنىڭ ۋەزىسىنى بېجىرىدىغان ئىش بولغانلىقتىن بۇ ئايالنى ئامالسىز تاشلاپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم. يولدىشىم بىلەن ئىسلام ئابادقا يۈرۈپ كەتتىم.

ئالدى-كەينى بولۇپ بۇ زېمىندا بىر ئاي تۇردۇم. گەرچە بۇ كىشىلەرنىڭ ئىش ھەرىكىتىنىڭ سىياسىي پروگراممىسى ۋە باشقا تەرەپلىرىنى تولۇق چۈشەنمىگەن بولساممۇ، «بۇ زېمىن ناخشا-مۇزىكا، ئەيش-ئىشرەتتىن خالىي، شۇنداقلا يەر شارىدا ئىسلام بايرىقىنى تىكلەش ئۈچۈن زامانىمىزدىكى بىر تۈركۈم ئىلغار ھازىرقى دەۋر ھەر مىللەت ساھابە ئەر-ئاياللار يىغىلغان زېمىن ئىكەن» دېگەن چۈشەنچىگە كەلدىم. قەلبىمنىڭ بىر يەرلىرىدىن بۇ كىشىلەردىن ئايرىلغۇم كەلمەيتتى. ناۋادا مەنمۇ مۇشۇ زېمىندا ئاخىرغىچە ياشاشنى ئۆزۈمگە ئىختىيار قىلسامچۇ؟ ياشاپ كېتەلىشىمگە كۆزۈم يېتەرمۇ؟ بولدى، بۇ مەسىلىلەر كېيىن بىر گەپ بولار.

ھەجنىڭ ۋەزىسىنى قويدۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام ئابادتا بىر مەزگىل تۇرۇشقا توغرا كەلدى. ئۆيدىن بىرنى ئىجارىگە ئېلىپ تۇردۇق. ئۆيىمىز بازار ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، يېنىمىزدا نەچچە قەۋەتلىك رېستوران بار ئىدى. ھىندىستان، پاكىستان ناخشىلىرى مېڭەمنى قوچۇپ ساراڭلا قىلىپ قويدى. تېخى بەزىدە يېرىم كېچىلىرىدە داقا-دۇمباق، سۇنايلىرىنى چېلىپ كېتىشلىرى بار. بۇ داقا-دۇمباق ئاۋازى توختىمىغىچە ئۆيدە ئۇيااقتىن-بۇياققا مېڭىپ چىقىدىغان گەپ. مەن يولدىشىم بىلەن ئەستايىدىل پاراڭلاشقاندىن كېيىن بۇ كىشىنىڭمۇ مۇجاھىد ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇنىڭغا «ئەلھەمدۇلىللاھ» دېمەنكى ۋەتەندىن ئۆزۈم يالغۇز يېنىمدا پۇلنىڭ تايىنى يوق ھىجرەت قىلىپ چىقىپ ئۇنداق، مۇنداق ئادەمگە ئەمەس ئىسلامنىڭ ئەڭ بۈيۈك خىزمەتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىسلام جەڭچىسىگە ئۇچراپ قالغىنىمنى. مەن بۇ كىشىنى تەپسىلىي كۈزىتىشكە باشلىدىم. ئادەتتە قانچىلىك كەچ يېتىشتىن قەتئىي نەزەر ئەتىگەن ئەزاننىڭ ئاۋازى بىلەنلا ئويغىنىپ بولاتتى. مەن قوپۇپ تاھارەت ئېلىپ نامازنى ئوقۇپ بولۇپلا ئۇخلاپ قالاتتىم. بۇ كىشى بىر ھازاغىچە زىكىر قىلغاندىن كېيىن ئۇخلاپ، يەنە مەندىن بالدۇر قوپۇپ چاشگاھ نامىزى ئوقۇغاچ مېنى ئويغىتاتتى. مەن تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇپ بولغىچە ياكى چاي تەييارلايتتى ياكى بازاردىن يېمەكلىكلەرنى كۆتۈرۈپ كىرەتتى. چۈش ۋاقتى بولغاندا مەن پەقەت سەي قورۇپ ئۇششاق ئىشلارغا ياردەملىشىپ بېرەتتىم. تۇرۇپ-تۇرۇپ مەنىلىك گەپلەرنى قىلىپ قوياتتى. يۈزۈم ئاستا قىزىرىشقا باشلىدى. ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆزۈم قولۇمغا ئالدىم. بۇ كىشى بولسا كۈندۈزلىرى بىكار ۋاقىت تاپسىلا توختىماي قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى. مەن بولسام مۈگىلىنىپ ئاڭلايتتىم. تاماق مەيلى ئوخشىسۇن، ئوخشىمىسۇن «ماشائاللاھ، بوپتۇ» دەپ يەيتتى. بازارغا چىقتىمۇ مەن ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىك، ئىچىملىك، ياكى مېۋىلەرنى ئېلىپ كىرەتتى.

بۇ كىشىنىڭ بىر رادىئوسى بولۇپ، كۈندە كەچ سائەت 9 دا رادىئو قۇلىقىدا ئىدى. ناۋادا مۇسۇلمانلارغا بىرەر خۇشاللىق يەتكەن بولسا خۇرسەن بولاتتى. ناۋادا مۇسۇلمانلارغا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك خەۋەر بولسا تۈزۈك تاماقمۇ يېمەي غەم قىلىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

بۇ جەرياندا ئۆيدىكىلەر بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشتۇم. ئاۋازىمنى ئاپام ئاڭلىشى بىلەنلا بىر ھازاغىچە يىغلىدى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. ئاپام يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتتى:«بالام،

قايتىپ كەلگەن، ھۆكۈمەتكە خىزمەت قىلمىساڭمۇ مەيلى، تويى قىلمايمەن دېسەڭمۇ مەيلى، ئاشخانىمىزدىن كىرگەن پۇلنى خەجلەپ ئۆيدە ئولتۇرۇپلا بەرگىن، بىزگە سەن كېرەك بالام، بىز پەقەت سېنى ياخشىراق تۇرمۇش كەچۈرسە دەپ شۇنداق قىلغان ئىدۇق. باللار بولسا كىچىك، بىز بەك يالغۇزسىراپ كەتتۇق، جېنىم بالام قايتىپ كەلگىن!» مەن ئارتۇقچە بىر نەرسە دېيەلمەي «ھازىر قايتىپ بارالمايمەن» دېدىم.

مەن ئويلاۋاتىمەن! مەن ۋەتەندىن ئايرىلغان بۇ جەرياندا ئۆيدىكىلەرنى، مەن ياخشى كۆرگەن ئەزىز دوست-بۇرادەرلەرنى سېغىنمىغان، ئويلىمىغان بىر كۈنۈم يوق. كۆڭلۈمنىڭ خالىشى بويىچە ئىش قىلسام، دۇنيالىقنى كۆزلىسەم مېنىڭ بۇ زېمىندا ياشىغىنىمدىن ئۆز ۋەتىنىمدە ياشىغىنىم ياخشى. مانا ھازىر يوللارمۇ ئېچىلدى، لېكىن ئاخىرەتلىكىمنى ئويلىسامچۇ؟ بۇ زېمىن، مەن تونۇشقان كىشىلەر مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئەۋزەل. دەۋەتلەردە كىشى ھىجرەت قىلغاندا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ۋە ھەرخىل سىناقلارغا ئۇچرايدۇ دەۋاتاتتى. مەن ئاللاھنىڭ بۇ ھىجرىتىدىن، بۇ نېمىتىدىن يۈز ئۆرىمەسلىكىم كېرەك. ئاللاھ بۇ دۇنيادا ئېرىشەلمىگەن نەرسىنىڭ ئورنىنى قىيامەت كۈنى ھەسسىلەپ تولدۇرۇپ بېرىدۇ. مەن پەقەت كۆز ئالدىمدىكى قىسقىغىنا ۋاقىتلىق مەنپەئەتنى دەپ كېتىپ قالسام ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك مەنپەئەتتىن قۇرۇق قالىمەن. مەن ئاللاھ تائالانىڭ بۇ نېمىتىگە قانچىلىك تەستە ئېرىشتىم. ئەجەبا مېنىڭ تارتقان شۇ جاپالىرىم خاتىرجەم، باياشات ياشاش ئۈچۈنمۇ؟ مەن ياخشى گەپلەر بىلەن ئۆيدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇپ قويدۇم.

كۆنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن مەن بۇ شەھەر تۇرمۇشىدىن تازا رازى بولالماي قالدىم. ئەتراپىمدا مەن ئۆلگە ئالغۇدەك نە شەخس، نە ئىش-پائالىيەتلەر بولسۇن، ئەتراپىمدا پەقەت سودىگەر ياكى ھەج ۋىزىسىنى كۈتۈپ تۇرغۇچىلار بولۇپ، كۆڭلۈمدە ئەنە شۇ ئورۇندىكى مۇجاھىد قېرىنداشلار بىلەن بىللە ياشاشنى غايىبانە ئارزۇ قىلىپ قالدىم.

يولدىشىم ھەجگە يالغۇز بارماقچى بولۇپ قالدى. چۈنكى ۋەزىيەت شۇنى تەلەپ قىلىپ قالدى. ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ مېنى ئەنە شۇ ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويماقچى بولدى. لېكىن كۆڭلۈمدە ئەنسىرەشلا بار. ئۇ يەردىكى ئاياللار ھەر مىللەت، ھەر دۆلەتلەردىن كەلگەن، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەزى، ئۆرۈپ-ئادەتلىرى بار، ئۇلار بىلەن چىقىشالارمەنمۇ؟ ياكى ئازراق قىيىنچىلىق بولۇپ قالسا يۈك-تاقلىرىمنى كۆتۈرۈپ ماڭارمەنمۇ؟ شۇنداقتىمۇ تەۋەككۈل قىلىپ بېرىپ ياشاپ باقمامدىم. شۇ يەردىكى ئاياللارمۇ ياشاپ كەتتىغۇ؟

بىز ئىشلىرىمىزنى تۈگىتىپ بىزنى ئالغىلى چىققان بىر جۈپ ئەر-ئاياللار بىلەن يۈرۈپ كەتتۇق. بىز بىر كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ كەلدۇق. يولدىشىم مېنى بۇ ئەر-ئاياللارنىڭ ئەنسارىسىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ ئايالنىڭ يولدىشى بىلەن مۇجاھىدلارنىڭ يېنىغا كەتتى.

مەن بۇ ئايال بىلەن بىر چوڭ دەرۋازىدىن كىردىم. كىرىشىمىز بىلەن ئالدىمىزغا بىر توپ ئاياللار گۈلدۈرلەپلا كەلدى. مەن ھودۇققىنىمدىن قاياققا مېڭىشىمنى بىلمەيلا قالدىم. بىرسى سومكامنى ئالدى، بىرسى ئۇستۇمدىكى ھىجابنى ئالدى، بىرسى ئوك بىلىكىمدىن، بىرسى سول بىلىكىمدىن.........

بۇلار بىزنى چوڭ ئايرىم خانىغا باشلىدى. بۇ خانا مەن ئالدىنقى قېتىم تۇرغان ئۆيلەرگە قارىغاندا ياخشى ئىدى، بۇ ئۆي بۇ بىر جۈپ ئەر-ئاياللارغا بېرىلگەن ئۆي ئىكەن. بىز كىرىپ كارىۋاتتا ئولتۇردۇق. ئارقىمىزدىن بىر-نەچچە ئاياللار كىرىپ بىز بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كۆرۈشتى. مەن ئۇلارنىڭ سۆزىنى پەقەتلا چۈشەنمەيتتىم. پەقەت ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا تەبەسسۇم بىلەنلا جاۋاب قايتۇردۇم. بىز ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ بىرەر قۇر مۇنچىغا چۈشكەندىن كېيىن ئۇخلاپ قالدۇق.

ئەتىسى بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ تۇرۇشىمىزغا بىر ئەنسارى قىز سۈت بىلەن دەملەنگەن يەرلىك چېيىنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. بىز بىر پىيالىدىن ئىچتۇق. يەنە بىر ۋاقىتلاردا بۇ ئەنسارى قىز بىر تاۋاقتا ئۆزىنىڭ يەرلىك تاماقلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. بىز ئولتۇرۇپ تاماقلىرىدىن يېدۇق. قارىسام بۇ ئەنسارلار ئۆيلەرنى تازىلاپ، ھويلىلارنى سۈپۈرۈپ، تاماق قاچىلىرىمىزدىن تارتىپ يۇيۇۋەتتى. ناۋادا كارىۋاتتىن چۈشمەكچى بولساق ئاياغلىرىمىزدىن تارتىپ ئېلىپ كېلەتتى. مەن تاماقتىن كېيىن كىرلىرىمنى يۇيۇش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭدىم. بىر ئەنسارى قىز قولۇمدىن ئېلىپلا يۇيۇشقا ئېلىپ كەتتى. مەن ھاڭۋاقىنىمچە قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. بۇلارنىڭ بىزلەرنى بۇنچىلىك كۈتۈشكە نېمە سەۋەب بولغاندۇ؟

بۇ قىز ئېيتتى:«بىز بۇلارنىڭ ئۆيىگە چۈشكىلى 4 ئايدىن ئاشتى. بىز كەلگەن ۋاقىتتىن تارتىپ تاكى مۇشۇ كەمگىچە بۇلارنىڭ مۇئامىلىسى ئۆزگىرىپ قالغىنى يوق. كۈندە مانا سىز كۆرۈۋاتقاندەك خىزمىتىمىزنى قىلىدۇ. كۆپىنچە بىزگە <ئادەتتە بىزنىڭ تامىقىمىزنى يەڭلار ئىقتىسادىڭلار يېنىڭلاردا قالسۇن. سىلەر دېگەن ئىسلام يولىدىكى مۇساپىرلار> دەيدۇ. مەن بۇلارنى پەيغەمبىرىمىز ﷺ دەۋرىدىكى ئەنسارلاردىن قېلىشقۇچىلىكى يوق دەپ ئويلايمەن. ئاللاھ بۇلارنىڭ قەلبىگە بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى ئاجايىپ سېلىۋەتكەن ئىكەن. گەرچە ئامېرىكا ۋە پاكىستان ھۆكۈمىتى مۇجاھىدلارنى چىقىرىپ بېرىش ئۈچۈن بۇلارغا كۆپ تەھدىت سالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلار يەنىلا مۇجاھىدلارنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىۋاتىدۇ.»

مەن سورىدىم:

-سىز قانداق ھىجرەت قىلىپ چىققان؟ -بۇ قىز بۇ سوئالىمنى ئاڭلاپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى-دە، سۆزلەشكە باشلىدى.

-مېنىڭ ھىجرەت قىلىشىمغا شەھىد بولۇپ كەتكەن ئاكام سەۋەبچى بولغان. مانا بۇ يىل ئاكامنىڭ ھىجرەت قىلىپ يۇرتتىن ئايرىلغىنىغا 5 يىل بولۇپتۇ. ئاكام ئەينى چاغدا دىيارىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ كاپىرلار تەرىپىدىن تارتىۋاتقان زۇلۇم ۋە خورلۇقىنى كۆرۈپ مۇسۇلمانلار تەقدىرىدىن قاتتىق ئېچىنغان بۇ ئىشلاردىن ئازابلىنىپ «مۇسۇلمانلارغا چىقىش يولى قەيەردە؟» دېگەن سوئاللارنى ئۆزىگە قويۇپ يۈرگىنىدە، ئۆزىدىن يېشى كىچىك ئۇستازىنىڭ ھىجرەت توغرىسىدا ئېلىپ بارغان دەۋىتىنى ئاڭلاپ ھىجرەت قىلىشنى قەلبىگە پۈككەن. ئۆزىڭىز بىلىسىز، جەنۇب تەرەپتىكى دېھقانلارنىڭ قانچىلىك ئىقتىسادى بار. ئاكامنىڭ ھىجرەت قىلماقچى بولغىنىنى ئەتراپىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ئاڭلاپ پۇل يىغىش قىلىپ 40-50 مىڭدەك قىلىپ بەردى. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن. ئەينى چاغدا ھەتتا ئاياللاردىن تارتىپ ئىئانە قىلىشقان. بىر ئايال 500 يۈەن، بىر ئايال 1000 يۈەن.

شۇنداق قىلىپ ئاكام پاسپورت پۈتتۈرۈپ، خورلىنىۋاتقان مۇسۇلمانلارنى خورلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشنى نىيەت قىلىپ ئافغانىستانغا چىقىپ كەتتى. ئاكام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىزنى ھىجرەت قىلىشقا كۆپ دەۋەت قىلدى. ئاخىرى مەن بىلەن بىر تۇغقان ھەدەم ھىجرەت قىلىپ چىقتۇق. مەن ئاكامنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم. ئاكاممۇ ماڭا بەك ئامراق ئىدى. ئۇزۇن يىل ئايرىلغان ئاكام بىلەن كۆرۈشۈشكە بەكمۇ ئىنتىزار ئىدىم.

ئەپسۇس ئاكام مەن چىقىشتىن 4 ئاي بۇرۇن شەھىد بولۇپ كېتىپتۇ. ئامال يوق. ئاكام بىلەن جەننەتتە كۆرۈشۈشنى ئۈمىد قىلىپ ئاللاھدىن ئۆزۈمگە سەبىر تىلەپ ئولتۇردۇم، لېكىن مەن قىينالغان مەسىلە ئۆيدىكىلەرگە ئاكامنىڭ شەھىدلىكىنى قانداق بىلدۈرۈش مەسىلىسى بولدى. دەسلەپتە ئۆيدىكىلەردىن يوشۇرۇن تۇتۇپ يۈردۈم، بەلكىم ئاپامنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ قالدىمۇ ماڭا:«بولدى بالام، يوشۇرماي قويۇڭ. ئاكىڭىز چوقۇم شەھىد بولۇپ كەتتى. مەن سەۋر قىلىمەن.

سىزمۇ كۆپ سەۋر قىلىڭ، سىلەر بىلەن بۇ دۇنيادا كۆرۈشۈش مۇمكىن بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىسا جەننەتتە كۆرۈشەرمىز» دېدى. گەرچە كۆڭلۈم تولىمۇ بۇزۇلغان بولسىمۇ ئاپامغا تەسەللى بېرىپ دېدىم:«ئاپا سىزمۇ كۆپ سەۋر قىلىڭ، ئاللاھ ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىنى شەھىدلىككە ئېرىشتۈرىدىكەن. ئاكام ئاللاھقا يارايتىكەن، شەھىدلىككە ئېرىشتۈرۈپتۇ. ئاپا، بىزگە بەرگەن سۈتىڭىزگە رازى بولۇڭ. خىزمىتىڭىزنى قىلالمىدۇق.»

نېمە دېگەن ئېسىل كىشىلەر. نېمە دېگەن ئېسىل ئانا - ھە؟ بىزنىڭ ئانىلىرىمىز بولسا پەقەت بىزنىڭ بۇ دۇنيالىقىمىزنى كۆزلەپ، بىزنى بارلىق كۈچى بىلەن دوزاخقا ئىتتىرىۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەيدۇ. ئاللاھ بىزگە سەۋرچان، بالىلىرىنى ھەق ئۈستىدە تەربىيىلىگۈچى ئانىلارنى كۆپلەپ ئاتا قىلغاي. بىز ئۈچۈن بالىلىرىنى ئەللەي بۆشۈكىگە سېلىپ، نانىقپى قىلىپ تەربىيىلەپ چىققۇچى ئانىلار زېمىن توشقۇچە بولغىنىدىن، ئاز بولسىمۇ بالىلىرىنى ھەق ئۈستىدە تەربىيىلەپ ھەققە ئاتىغۇچى ئانىلار ئەۋزەلدۇر. بۇ قىز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدى:«بىز ھىجرەت قىلىشقا تەييارلانغاندا بىزدە ھېچقانداق ئىقتىسادىمىزنى ئاكام بۇ تەرەپتىن، ئەتراپىمىزدىكى قېرىنداشلار ئۇ تەرەپتىن بىراقلا كۈچ چىقىرىپ تەييارلاپ بەردى. مەن ۋە بىر تۇغقان ھەدەم يەنە ئۈچ كىچىك بالا ھەممىمىزنىڭ پاسپورت بېجىرىشكە 50 مىڭ يۈەن كەتتى. بىز ھېچقانداق تىل ۋە يول بىلمىگەنىدىن كېيىن كۈچىمىزنى پەقەت پۇلغىلا زورلىدۇق. ئۆيدىكىلەر پەقەت يېنىمىغا 300 يۈەنلا سالالىدى. بىز ئېھتىيات ئۈچۈن شاڭخەيدىن تايلاندقا بېرىپ تايلاندتىن پاكىستانغا ئۇچماقچى بولۇپ شاڭخەيگە كەلدۇق. ئايروپىلان بىلىتىنى ھەل قىلىپ بولالماي ئالدى-كەينى بولۇپ بىر ھەپتىدەك شاڭخەيدە تۇرۇپ قالدۇق. بىز ھېچقانداق تىل بىلمەيمىز، بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدىغىنى پۇل خەجلەش ۋە يالۋۇرۇشلا بوپتۇ. بىلەت ھەل قىلىش ۋە ئايروپىلانغا چىقىۋېلىش ئۈچۈن ئاز قىيىنچىلىقلارغا يولۇقمىدۇق. ئاخىرى ئاللاھنىڭ يول بېرىشى بىلەن ئايروپىلانغا تەستە چىقىۋالدۇق. ئۇ چاغدا يېنىمىزدا ھېچقانداق پۇل قالمىغان بولسىمۇ لېكىن بىزدىكى خۇشاللىقنى سىز ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز.» مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم:

-نېمە؟ يېنىڭلاردا قەتئىي ئىقتىساد يوقمىدى؟ سىلەر پاكىستانغا يېتىۋالساق ياخشى تۇرمۇش بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ دەپ ئويلىغانمۇ؟ ئۇ قىزنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى.

-ئەستەغفىرۇللاھ بىز ۋەتەندىن پەقەت جىھاد مەيدانىنى كۆزلەپ چىققان، باياشات ياشاشنى ئەسلا خىيالىمىزغا كەلتۈرمىگەنمىز، بىز ۋەتەندە مۇجاھىدلارنىڭ يەيدىغان تامىقى پەقەت ياڭيۇلا دەپ ئاڭلىغان. بىز ئەتىمىزنى پەقەت ئاللاھقا تاپشۇردۇق. راست گەپنى ئېيتسام بىز تايلاندقىلا يېتىۋالساق، ئامال بولمىغاندا تىلەمچىلىك قىلىپ بولسىمۇ پاكىستانغا يېتىۋېلىش ئويىدا بولغان. بىز چۈش ۋاقتىغا ئۇلگۈرۈپ تايلاندقا يېتىپ كەلدۇق. 2 ئايال 3 كىچىك بالا تىترەپ يۈرۈپ باشقىلار نېمە ئىش قىلسا شۇنداق قىلىپ پاكىستان ۋىزىسىنى قويۇپ بېرەمدىكىن دېگەن ئۈمىدتە پاسپورتىمىزنى بەرسەك، پاسپورتىمىزنى تارتىۋېلىپ بىزنى ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى. ئۇلار بىزگە بىر نېمىلەرنى دېيىشەتتى. بىز بولساق ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتۇق. كەچ سائەت 5 بولغاندا بىزنى ئايروپىلان زالىغا ئېلىپ كىردى. بىز پاكىستانغا يولغا سېلىپ قويىدىغان بولدى دەپ خوش بولۇشتۇق. كىم بىلسۇن بىزنى ئەسلىدە شاڭخەيگە يولغا سېلىپ قويماقچى ئىكەن ئەمەسمۇ؟ بىز يىغا-زارى قىلىشقا باشلىدۇق. بىز:«بىز ئەتىگەن شاڭخەيدىن كەلگەن تۇرساق بىز ھەرگىز قايتمايمىز. بىز پاكىستانغا بارىمىز....» دېدۇق.

ئۇلار بىزنى ئىتتىرىپ باقتى. بىر نېمىلەرنى سۆزلەپ باقتى. كىچىك بالىلار يىغلاپ قەتئىي چىققىلى ئۇنىمىدۇق. ئاخىرى ئايروپىلانمۇ كەتتى. ھەي... ئۇ كۈنلەرنى ئويلىسام يۈرىكىم جىغىلدايدۇ. قولىمىزدا ئىقتىساد بولمىغاندىن كېيىن بىزدە يىغلاشتىن باشقا نېمە ئامال بار

دەيسىز. بىزنى قايتۇرۇپ ئىشخانىغا ئەكىرىپ قويدى. بىز شۇ يىغلىغانچە كېچىچە يىغلاپ چىقتۇق. قولىمىزدا پەقەت قېتىپ كەتكەن 2 تال نان بولۇپ ئۇنى باللارغا بۆلۈپ بەردۇق. بىزنىڭ خىيالىمىزدا پەقەت ئەنە شۇ جىھاد مەيدانىغا قانداق قىلىپ يېتىۋېلىش بولۇپ، قورساق مەسىلىسى نەچچىنچى مەسىلە بولۇپ قالغان ئىدى.

تاڭمۇ ئاتتى. ئىشچىلار ئىشقا چۈشتى. باشلىقمۇ كەلدى. باشلىق ئەھۋالىمىزنى بىلگەندىن كېيىن بىزدىن پۇل سوراپتۇ. بىز بولساق ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ئولتۇرۇپتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىزنىڭ پۈتۈن يۈك-تاقلىرىمىزنى تۆكتى. بىزدىن پۇل چىقمىغىنىنى كۆرۈپ بىزگە ئىشارەت ئارقىلىق پۇلنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۇردى. بىز مەقسەتنى چۈشەنگەندىن كېيىن يېنىمىزدىكى بارلىق ئالتۇنلىرىمىزنى چىقىرىپ ئۇلارغا يالۋۇردۇق. ئۇلار ئالتۇنلىرىمىزنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىر ۋاقىتلاردا بىزگە بىر تاماق تىزىملىكى چۈشۈرۈلگەن دەپتەرنى كۆتۈرۈپ كىردى. قارىساق ئۇنىڭدا بېلىق، چوشقا، ۋە كالىنىڭ سۈرەتلىرى بار ئىكەن. بىز بېلىقنى تاللىدۇق. تاللىمايمۇ ئامال يوقتە. ھېسابتا تۈزۈك بىر نەرسە يېمىگىلى 2 كۈن بولۇپ قالغان تۇرسا. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن بېلىق ۋە باشقا نۇرغۇن يېمەكلىكلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. بىز بېلىقتىن باشقا نەرسىلەرگە قول ئۇزاتمىدۇق. ھەتتا ئۇلار ئىچىش ئۈچۈن ئەكىرگەن سۈتنى ئاستا تىقىپ يۇرۇپ ئىنىمغا بەردىم. ئىنىم ئاستاغىنا تۆكۈۋەتتى.

كەچتە شامغا يېقىن بىزنى پاكىستان ئايروپىلانىغا سېلىپ قويدى. ئاخىرى ئايروپىلانغىمۇ چىقتۇق. لېكىن بىزدىكى يىغلامسىرىغان قەلب تېخى ئۆز ئورنىغا چۈشمىگەن ئىدى. ئويلاپ باقامسىز؟ دېمىسىمۇ ھىجرەت قىلىمەن دەپ قانچىلىك خارلىقتا قالدۇق. ھەتتا كوچىدىكى بىر پاكىستانلىققا ئالتۇنلىرىمىزنى سۇنۇپ پاكىستانغا يولغا سېلىپ قويۇشىنىمۇ ئۆتۈندۇق. ئاللاھ ھىجرىتىمىزنى قوبۇل قىلسۇن. بىز ئاخىرى پاكىستانغا يېتىۋالدۇق. كۆرۈشۈشكە چىققانلار بىلەنمۇ كۆرۈشتۇق. گەرچە بىز پۈتۈن يۈك-تاقلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان بولساقمۇ، بىزدىكى خۇشاللىقنى دېمەيلا قويۇڭ. يولدىشىم بىلەن تويمۇ قىلدىم. مانا ھازىر ئىككى يىل بولدى. شۇنداق ئىناق ياشاۋاتىمىز. بىز بۇ ھىجرەت زېمىنىغا چىققاندىن كېيىن خارلىنىپ قالغىنىمىزمۇ يوق. باشقىلار قولىغا قاراپ قالغىنىمىزمۇ يوق. ئاللاھ شۇنچىلىك ئەزىز قىلىۋاتىدۇ. ھازىر مېنىڭ ھاياتىمدىكى بىردىن بىر ئارزۇيۇم ئاللاھ ماڭا نۇرغۇن پەرزەنتلەرنى ئاتا قىلسا، ھەممىسىنى ئىسلام يولىدا تەربىيىلەپ جىھادقا ۋە ئاللاھ يولىغا ئاتىسام. بولسا يولدىشىم بىلەن بىللە شەھىد بولالىغان بولسام تولىمۇ ياخشى بولاتتى. ناۋادا يولدىشىمدىن كېيىن قالساممۇ مەيلى. ئۇنىڭغىمۇ ئىنشائاللاھ سەۋر قىلىمەن. چۈنكى يولدىشى شەھىد بولۇپ كېتىپ ئۇنىڭغا سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا پەيغەمبىرىمىز ﷺ بىلەن جەننەتنىڭ ئاچقۇچىنى تالىشىش ئىمتىيازى بېرىلىدۇ ئەمەسمۇ!» دېدى.

ئەلھەمدۇلىللاھ مېنىڭ ھىجرەت قىلىشىم نېمىدېگەن ئاسان توختىغان-ھە؟ مەن بولسام ئىككىلىنىپ مىلىڭ تەستە تەۋەككۇل قىلىپ ھىجرەتكە ئاتلاندىم. بۇ قىز بولسا پالان پۇلنى خەجلەپ يىغلاپ-قاقشاپ يۇرۇپ، تەستە بۇ زېمىندا ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە بوپتۇ. پاراڭلىشىۋېتىپ بۇ قىزنىڭ ئېسىقلىق بىر كۆڭلىكىگە كۆزۈم چۈشتى. بەلكىم بۇ خۇسۇسىيەت ئاياللاردىكى ئورتاق خۇسۇسىيەت بولسا كېرەك، بۇ قىزدىن سورىدىم:

-بۇ كۆڭلىكىڭىز تولىمۇ چىرايلىق ئىكەن، مۇشۇ يەردە تىككۈزدۈڭىزمۇ؟

-بۇ كۆينەكنى رەسىمدىكى مودېلنىڭ ئۈستىدە كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قىلىپ تېخى يېقىندا تىكتۈرگەن ئىدىم. كىيىملىرىم ئىچىدە ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغىنىم مۇشۇ. بولمىسا ياقتۇرغان بولسىڭىز سىز كىيىڭ-دېدى. مەن خىجىللىقىمدا بۇ گەپنى قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلىپ قالدىم. بۇ قىز مەن دىققەت قىلماستا كۆينەكنى يۆيۈپ دەرماللاپ ئېلىپ كىرىپتۇ. بۇ قىز دېدى:

-ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشى ئۈچۈن ياخشى كۆرمىگىچە مۆمىن بولالمايدۇ. مەن سىزنى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن، قوبۇل قىلىڭ.

يەنە مېنىڭ قىشلىق كىيىممىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، ئاپىسى ۋەتەندىن چىقارغان «چىن گۈزەل» ماركىلىق تېخى كىيىلمىگەن كۆزلۈك كىيىمدىن بىر قۇرنى چامدىنىمغا سېلىپ قويدى. مەن رەت قىلىپ بولالماي، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قالدىم. بۇلارنىڭ ئايلىق مائاشى جۇڭگو پۇلىغا 150يۈەنگە تەڭ كېلىدۇ. نەرسىلەرنىڭ باھاسى بىز تەرەپ بىلەن ئوخشاش دېيىشكە بولىدۇ. بۇلارنىڭ خىزمىتى بولسا پەقەت جىھاد قىلىش بولۇپ، تىجارەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇلاردا ئەتىدىن ئەنسىرەش دېگەن نەرسە قەتئىي مەۋجۇت ئەمەس. بىز تەرەپتە بولسا نەچچە مىڭ يۈەن ئايلىقنى ئايدىن ئايغا يەتكۈزۈپ بولالماي ئەر-ئايالالار ئوتتۇرىسىدا جەڭگە-جېدەل. ناۋادا قېرىنداشلار ئىچىدە ئىئانە ئۈچۈن پۇل يىغىلىپ قالسا 50 يۈەننى تىترەپ تۇرۇپ خىجىللىقتىن چىقىرىدىغانلار ئاز ئەمەس.

مەن بۇ قىزنىڭ ھەرەمچە كۆينەكنى ياخشى كۆرىدىغىنىنى بىلىپ بىر مارجان تۇتۇلغان ھەرەمچە كۆينىكىمنى بەردىم. كېيىن ئاڭلىسام بۇ كۆينەكنى باشقا بىراۋ ياخشى كۆرۈپ قالغان سەۋەبلىك بېرىۋېتىپتۇ. تۇرۇپلا كاللامغا بىر سوئال كەچتى:

-سىز يولدىشىڭىزنى جىھادقا ئۇزاتقاندا ئامالسىزلىقتىن رازى بولامسىز؟ ياكى چىن كۆڭلىڭىزدىن رازى بولامسىز؟ بۇ قىز دېدى:

-بۇنىڭدا گەپ يوق. يولدىشىم جىھادقا چاقىرىلسا، كىچىچە بولسىمۇ ئۇخلىماي كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ يېمەكلىكلىرىنى تەييارلاپ دەل ۋاقتىدا يولغا سالىمەن. مەنلا ئەمەس، بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان بارلىق مۇھاجىر ئايالالار بۇ دۇنيالىقنىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىدىن ئۆزىنى تارتىپ ئەنە شۇ بۈيۈك مەقسىتىمىز ئۈچۈن بۇ زېمىندا ياشاۋاتىدۇ. مال-دۇنياغا، ھاياتقا ھېرىسمەن بولغانلار نامىدا ھىجرەت قىلدىم دەپ نە-نەلەردە تىجارەت قىلىپ دۇنيا پىتنىسى بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرمەمدۇ.

مەن بۇ قىزدىن سورىدىم:

-سىز قايسى مەكتەپتە ئوقۇغان؟ بۇ قىز كۈلۈپ كېتىپ دېدى:

-ئەلھەمدۇلىللاھ، ئۈچىنچى سىنىپقىچە ئوقۇپ قويۇپتىكەنمەن، بۇ ماڭا خېلى ئەسقاتتى. بۇنىڭ بىلەن خەت ئالاقە قىلالايمەن. قۇرئان تەپسىرى ۋە ھەدىسلەرنى ئوقۇيالايمەن.

مەن كۈلۈپ كەتتىم. بۇ قىز بىلەن ئۆزۈمنى سېلىشتۇردۇم. بۇ قىز بىلەن مەدەنىيەت سەۋىيە جەھەتتىن سېلىشتۇرغاندا، ئەلۋەتتە مەن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىمەن. لېكىن ئاللاھ ئالدىدىكى مەرتىۋىمىزنى سېلىشتۇرغاندىچۇ؟ زامانىمىزدا مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى مۇسۇلمانلار ئىنتايىن كۆپ، لېكىن شۇ بىلىمنى ھەقىقى ئاللاھ يولىغا ئاتىيالايدىغان، ئاللاھنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن تەقۋادار، بىلىملىك مۇسۇلمانلىرىمىزدىن قانچىسى چىقار؟

مەن بۇ قىزنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم. بەزىدە بۇ قىزنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىر ھازاغىچە كۈلۈپ تېلىقىپ قالاتتىم. مەسىلەن: بۇ قىزنىڭ سۆزلىرىدىن «بىزنىڭ كىچىك مۇجاھىدلىرىمىز پايپىقىنى سۆرەپ تېقىمىغىچە تارتىپ، جىھاد قىلىمەن دەپ يۈرىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ قىزنىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن يولدىشى قايتىپ كېلىپ مېنى باشقا ئەنسارنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. بۇ ئۆي كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، ھاكلانغان ئۆي بولۇپ، بۇ يەردىكى ئۆيلەرگە سېلىشتۇرغاندا خېلى ياخشى سېلىنغان ئۆي ئىكەن. بۇ ئۆيدە 3 ئايال ۋە 3 كىچىك بالا بىللە تۇرىدىكەن. بىرسى 50 ياشتىن ھالقىغان ئۆزبېك ئايال بولۇپ، ئۆزى ئىبادەتكە قاتتىق بېرىلگەن ئايال ئىكەن. يەنە بىرسى 22 ياشلار چامىسىدىكى ئۆزبېك قىز، يەنە بىرى 30 ياشلار چامىسىدىكى ئۇيغۇر ئايال ئىدى.

مېنىڭ كەيپىياتىم بەكلا تۆۋەن بولۇپ ھېچكىمگە گەپ قىلغۇم كەلمەيتتى. كۆندۈزلىرى ماتېرىيال كۆرۈپ خاتىرە قالدۇرۇپلا ئولتۇراتتىم. بۇ ئايلار بولسا كۈندە كېچىدە تۇرۇپ تەھەججۇت ئوقۇيتتى. سەجدىدە شۇنچىلىك ئۈزۈن يىغلايتتىكى بۇنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلاتتى. كۈندۈزلىرى ھېلىقى چوڭ ئاپىمىز توختىماي قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى. بوش ۋاقىتلىرىدا بىر دەۋەت ئۇنئالغۇ لېنتىسىنى قايتا-قايتا قويۇپ ئاڭلايتتى. قالغان ئىككى ئايال بولسا تاماق قىلاتتى. بالىلىرىغا قارايتتى. بالىلىرىغا ئۇنى-بۇنى ئۆگىتەتتى. مەن بۇ كىچىك سەبىيلەرنىڭ ئويۇن ئوينىشىنى بەكلا ياقتۇرۇپ قالغان ئىدىم. بۇ بالىلار « لاإله إلا الله محمد رسول الله» يېزىلغان قارا لاتىنى پېشانىسىگە تېڭىۋېلىپ « الله اكبر! الله اكبر!» دەپ جىھاد ئويۇنلىرىنى ئوينايتتى. تاماق ئالدىغا كەلدىمۇ ھەممىسى بىردەك ئاللاھقا دۇئا يوللاپ بولغاندىن كېيىن تاماققا ئاندىن قول ئۇزۇتاتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن پىكىرلەشتىم ھەم بۇلارنى چۈشىنىشكە باشلىدىم. ھېلىقى چوڭ ئانىمىزنىڭ يولدىشى شەھىد بولۇپ كەتكەن بولۇپ ئەتراپىدا يەنە بالا-چاقىلىرى ۋە نەۋرىلىرى بار ئىكەن. بىر ئوغلى 4 يىل ئىلگىرى «قەلئەيى جەڭگى» دە تۇتۇلۇپ قالغان بولۇپ، ھازىر ئامېرىكىنىڭ تۈرمىسىدە ئىكەن. بۇ ئايال بەزىدە كۆزلىرىنى ياشلاپ تۇرۇپ بىزگە سۆزلەپ كېتەتتى:« ئوغلۇم شەھىد بولۇپ كەتكەن بولسا كۆپ خاتىرجەم بولاتتىم. لېكىن ھازىر كاپىرلار تۈرمىسىدە قىيىن -قىستاقلار ئىچىدە تۇرىۋاتىدۇ. باشقا ھەرقانداق نەرسىلەرگە چىدىماق ئاسان ئىكەن، لېكىن يۈرىكنى يېرىپ چىققان يۈرەك پارىسىغا چىدىماق تەس ئىكەن» مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئويلاپ قالدىم، بەلكىم ئاللاھ بۇ ئايالنى ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان نەرسىسىنى تارتىۋېلىپ سىنىغان بولسا كېرەك. بۇ ئاپىمىز ئادەتتە ماڭا كۆپ دەۋەت ئېلىپ باراتتى. مەسىلەن: دۇنيالىققا بېرىلمەسلىك، ئاللاھ يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇش، ئاللاھ يولىدىكى قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىش... دېگەندەك. ناۋادا مۇجاھىدلار توغرىسىدا سۆز ئېچىلىپ قالىدىغان بولسا، ئاپىمىز پۈتۈن چېھرى گۈلدەك ئېچىلىپ سۆزلەپ كېتەتتى، «بۇ مۇجاھىدلار مېنىڭ ئوغۇللىرىمدەكلا، ماڭا شۇنچىلىك سۆيۈملۈك. ئۇلارنىڭ ئىسلامنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش يولىدا تاغلاردا ۋە جىھاد مەيدانلىرىدا قانچىلىك جاپالارنى تارتىدىغانلىقىنى بىز بۇ تەييار ئۆيدە ئولتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن يولدىشىڭىزنىڭ قەدرىگە يېتىڭ. ئۇلار بىز ئۈچۈن مېھمان. ئۇلار بۈگۈن بولسا ئەتە يوق. مانا مەنمۇ بىر شەھىدنىڭ ئايالى بولغانمەن. ناۋادا يولدىشىڭىز شەھىد بولۇپ قالسا بىر شەھىدنىڭ ئايالى بولۇپ قالىسىز. سەۋر قىلسىڭىز ئاللاھ ئالدىدا قانچىلىك ئەجىرگە ئېرىشىسىز، ئويلاپ بېقىڭ!» مەن يەنە بىر ئۆزبېك قىزنىڭ سەۋرچانلىقىغا تولىمۇ ھەيران قالدىم. بۇ قىز توي قىلىپ 6 ئايدىن كېيىن يولدىشى تۇتۇلۇپ كەتكەن ئىكەن. بۇ قىز يولدىشى تۇتۇلۇپ كەتكەن 5 يىل جەريانىدا 4 ياشلىق ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ جامائەت كىشىلىرى نەدە بولسا شۇ يەردە، ھەرقانداق قىيىنچىلىققا سەۋر قىلىپ كەپتۇ. بۇ جەرياندا ھەتتا ۋەتىنىدىكى ئاتا-ئانىلىرىمۇ قازا قىلىپ كېتىپتۇ. بۇ قىزنىڭ كانادادىكى بىر ئاچىسى كۆپ قېتىم كانادادا بىللە ياشاشنى ئېيتقان بولسىمۇ ھەر قېتىم كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ ئۇلارنى بۇ زېمىنغا كېلىشكە دەۋەت قىلىپ كەپتۇ. بۇ قىزنىڭ ئاددىي-ساددا، كىچىك پېئىللىقىغا گەپ كەتمەيتتى. ھەرقانداق ۋاقىتتا نەرسىلەرنىڭ ياخشىسىنى باشقىلارغا بېرىپ ناچىرىنى ئۆزىگە ئېلىپ قالاتتى. رامزان ئايلىرىدا بۇ قىز بىلەن باشقا بىر ئەنسارنىڭ ئۆيىدە 4 ئايال بىلەن تۇرۇپ قالدۇق. بىر كۈنى بۇ قىز روزىسىز بولۇپ قاپتۇ. قالغان ئۈچىمىز كېچىدە تۇرۇپ تەھەججۇت نامىزى ئوقۇشقا باشلىدۇق. بۇ قىز ئاستاغىنا تۇرۇپ سوھۇرلۇق تەييارلاشقا كىرىشتى. تاماق تەييار بولغاندا بىز نامىزىمىزنى توختىتىپ سوھۇرلۇق يېيىشكە كىرىشتۇق. ئۇقىز بولسا يېمەي بىرچەتتە ئولتۇردى. پەقەت بىز تاماق يېيىشتىن توختىغاندىلا ئاندىن تاماققا قول ئۇزارتتى. مەن ئويلاپ كەتتىم. مەنمۇ قاچان سەۋرچان، تەقۋا قەلبكە ئىگە بولارمەن؟

يەنە بىر ئۇيغۇر ئايال بولسا، يولدىشىنىڭ كەينىدىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ يولدىشى بىلەن ئافغانىستاندا ئەمدى جەم بولۇپ تۇرۇشىغا يولدىشى ئافغانىستاندىكى «قەلئەيى جەڭگى» دە تۇتۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر ھېلىقى چوڭ ئاپىمىزنىڭ ئوغلى بىلەن ئامېرىكىنىڭ تۈرمىسىدە ئىكەن. بۇ ئايالمۇ يۇقىرىقى ئۆزبېك قىز بىلەن 2 بالىسىنى تەربىيىلەپ مۇشۇ جامائەتتىن ئايرىلماي كەپتۇ. بۇ ئايال تولىمۇ چاقچاقچى ئايال بولۇپ ھەر بىر ئېغىز گەپ-سۆزلىرىدە يۇمۇرلۇق سۆزلەر بولماي قالمايتتى. سىياسەت، تارىخ توغرىسىدىكى بىلىملەرنى نەدىن سورىسىڭىز شۇ يەردىن جاۋاب بېرەلەيتتى. مەسىلەن: ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى، ئۇنىڭدىكى داڭلىق شەخسلەر، ئاپئاق خوجا دەۋرى، شۇنداقلا ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتى، ھەرخىل ئىسلامى پائالىيەتلەر ۋە ئىسلام يولىدىكى جىھادلارنى شۇنچىلىك ئېنىق سۆزلەپ بېرەتتىكى، ئۇنىڭدىكى بەزى تەسىرلىك ۋەقەلىكلەردىن تەسىرلىنىپ كۆزلىرىمگە ياشلار تولۇپ كېتەتتى. بۇلار بىلەن بىللە تۇرۇش جەريانىدا بىرەر قېتىم دەرد تۆككىنىنى، ياكى بىرەر ئېغىرچىلىقلاردىن ۋايسىغىنىنى ئەسلا بىلمەيمەن. تۇرۇپ ئويلاپ قالدىم: بۇ زېمىندا بۇ قىزلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ياكى يولدىشى يوق. ئۇلار ھېلى تاغدا، ھېلى باغدا، ھېلى شەھەردە، ھېلى يېزىلاردا كۆچۈپ تۇرۇپ ياشايدىكەن، بۇ جەرياندا بۇلار بالىلار بىلەن يولدىشى يوق، دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارمۇ ئاز ئەمەس. مەن بۇ ئايالدىن سورىدىم:

-سىلەر ۋەتەندە ياكى باشقا زېمىنلاردا يولدىشىڭلار چىققۇچە ياشاپ تۇرۇشنى ئويلاپ باقمىدىڭلارمۇ؟ ئۇيغۇر ئايال ئېيتتى:

بىزنىڭ دىنىمىز ۋە ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدە بۇ زېمىندىن ئەۋزەلرەك زېمىن بولمىسا كېرەك. ھەم بۇنىڭدىن يۇقىرى ئىسلام خىزمىتى يوق دەپ ئويلايمەن. بۇ زېمىننىڭ ئارتۇقچىلىقى، بىز پەردە ئىچىدە ئىبادەتلىرىمىزنى مۇكەممەل ئېلىپ بارالايمىز. بالىلىرىمىزنى جاھىلىيەت مۇھىتىدىن خالىي ئىسلامى تەربىيىدە چوڭ قىلىپ، جىھادقا ئاتىيالايمىز. ئىنشائاللاھ بىرەر زېمىننى پەتھى قىلساق بالىلىرىمىز بىمالال مەكتەپ تەربىيىسىگە ئىگە بولالايدۇ. بۇ كۈنلەرگىمۇ ئازلا قالدى. يىغىپ ئېيتقاندا بىز ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىپ مۇشۇ جامائەتدىن ئايرىلمىساقلا ئىنشائاللاھ بىزگە ئاللاھنىڭ جەننىتى بار.

ھەقىقەتەن توغرا، ئەتراپ پۈتكۈل ياخشىلىق ۋە ساۋابلىق بىلەن تولغان بۇ زېمىندىن ئەۋزەل يەنە قانداق زېمىن بار ئىدى. بۇلار بىلەن بىللە تۇرۇش جەريانىدا ماڭا يەنە مۇنداق ئىش بەكرەك تەسىر قىلدى. بىر كۈنى كەچتە ئۆيدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. توساتتىن بىر ئەنسارى قىز مۇجاھىدلارنىڭ بىزنى يوقلاپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئېلىپ كىردى. ھېلىقى ئۇيغۇر ئايال دەرھال يېيىپ قويغان كىرلىرىنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن ھويلىغا چىقتى. بىردىنلا سىرتتىن ئۇ ئايالنىڭ 6 ياشلىق ئوغلىنىڭ تۈۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:«ئاپا! نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز، تېز بولمامسىز، ھويلىغا ئەركىشى كىرىدىغانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟» ئاپىسى:«مانا... مانا» دەپلا كىرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كىردى. ئارقىدىن بۇ ئايالنىڭ 3 ياشلىق قىزى قاتتىق ھاياجانلىنىپ چاۋاك چالغان ھالدا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، چۈچۈك تىللىرى بىلەن قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپلا كەتتى:«ئاپا! مۇجاھىدلار كەپتۇ!» قاراڭ بۇ سەبىيلەرگە سىڭگەن ئىسلامى پىكىر ۋە ئىسلامى تەربىيىگە. بۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىسلام جەڭچىلىرىنىڭ ئوبرازى نېمىدېگەن يۇقىرى ھە! بىز دەرھال چىراغنى ئۆچۈردۇق، ئىشىكنى ياپتۇق. مەن ياغاچ دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن قارىسام ئېگىز بويلۇق، قويۇق ساقاللىق مۇجاھىد مۈرىسىگە قورالىنى ئاسقان ھالدا كىرىپ كەلدى. بۇ مۇجاھىدنىڭ ئېسىۋالغان قورالى بۇ مۇجاھىدقا تولىمۇ ياراشقان بولۇپ شۇندىلا ئىسلام مۇجاھىدلىرىغا بولغان ھۆرمەت ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇم قوزغالدى.

ھەي... ئەپسۇس. دىيارىم يىگىتلىرى! سىلەرمۇ بۇ زېمىنغا كېلىپ ئەنە ئاشۇ مۇجاھىدقا ياراشقان قورالنى مۈرەڭلارغا ئاسقان بولساڭلار سىلەرگىمۇ قانچىلىك يارىشىپ كېتەر ئىدى. ئۇ چاغدا ھەقىقى ئەركەك يولۋاسقا ئوخشار ئىدىڭلار.

نەچچە كۈندىن كېيىن يولدىشىم كېلىپ مېنى بىر ئەنسارىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. بۇ ئۆينىڭ يەرلىرى شېغىللىق، ئۈستىگە گۈللۈك سۇلياۋ پالاس سېلىنغان بولۇپ، ئۆيدە پەقەت نەچچە دانە ياستۇق، قازان-قومۇش ۋە بىر كىچىك توڭلاتقۇ بار ئىدى. بۇ ئۆيدىكى ئەنسارلارمۇ باشقا ئۆيدىكى ئەنسارلارغا ئوخشاشلا خىزمىتىمىزنى شۇنداق ياخشى قىلاتتى. كۈندە نەچچە ۋاقىت تاماق ۋە سۈت چاي، قېتىقلارنى كىرگۈزەتتى. قاچا-قۇچىلارنى بولسا قىزلىرى كىرىپ يۇيۇپ بېرەتتى. بەزىدە كىرلارنى يۇيۇپ بېرىشنى ئېيتاتتى.

مەن بۇ يەردىكى ئەنسارلىق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغانلار مۇجاھىدلارنى خۇددى پادىشاھلارنى كۈتكەندەك خىزمەت قىلىدىغانلىقىغا تولىمۇ ھەيران قالدىم. بۇ ئۆيدە تۇرۇش جەريانىدا يولدىشىمدىن قورالنى چۇۋۇش، قۇراشتۇرۇش ۋە ئېتىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەندىم. ھەربىر قېتىم قورالنى قولۇمغا ئالغىنىمدا شۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ كېتەتتىم. ماڭىمۇ كاپىرلارنى ئوققا تۇتۇش پۇرسەتلىرى كېلەرمۇ؟ يۈز كاپىرنى ئۆلتۈرۈپ شەھىد بولۇپ كەتسەم، قانداق ياخشى بولار ئىدى-ھە!

يولدىشىمنىڭ ھەجىگە ماڭىدىغان ۋاقتى توشۇپ 3 كۈندىن كېيىن بۇ ئۆيدىن ئايرىلىشقا توغرا كەلدى. ئەنسارلار بىزنىڭ كېتىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ چوڭ ئايالىرىدىن تارتىپ كىچىكلىرىغىچە سوۋغىلارنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە چاچ قىسقۇچ، لېنتا، ھەرخىل يەرلىك بىلەيزۈك، نەچچە خىل رەخت، ھالقا، زەنجىر، ئەرلەر مايكىسى دېگەندەك نەرسىلەر بولۇپ، ھەتتا كىچىك باللىرى ئۆزلىرى يېيىشقا ئۈلگۈرمىگەن بىر يەشىك ماننى، سۇمكامغا سېلىپ قويدى. ھويلىدىن ئايرىلغان چاغدا ھەممىسى دېگۈدەك كۆزلىرىگە ياش ئېلىشىپ قېلىشتى. مەن ۋەتەندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپلا يېنىمدا پۇلنىڭ تايىنى يوق، ئۆزۈم ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بۇ زېمىنغا كەلدىم. مانا ھازىر ھاياتىمدا كۆرۈپ، ئاڭلاپ باقمىغان مىللەتنىڭ، تىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئەسلا بىلمەيدىغان يات كىشىلەردىن ئىرىشۋاتقان مېھرىبانلىقىقا نېمە دېسەم بولار. بۇلار بىلەن تونۇشقىلى ئاران ئۈچ كۈنلا بولدىغۇ؟ مەن بۇلاردىكى مېھرىبانلىقتىن تەسىرلەنگەن ھالدا كۆزۈمگە ياش ئېلىپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتىم.

يولدىشىم مېنى قىيامەتلىك دوستىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەجىگە كەتتى. بۇ مۇجاھىدنىڭ ئايالى تۇت، بەش يىل ئىلگىرى سىڭلىسى بىلەن بىللە ھىجرەت قىلىپ چىققان بولۇپ، ئالدىنقى يولدىشى ۋەتەندە شەھىد بولۇپ كەتكەن ئىكەن. سىڭلىسىنىڭ يولدىشى بولسا نەچچە ئاي ئىلگىرى تويى قىلغىلى بىر يىلمۇ توشماي شەھىد بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر بۇ ئاچا-سىڭىللارنىڭ يەڭگىيدىغان ئاي-كۈنى توشۇپ قالغان ئىكەن. مەن كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى ئاچىسىنىڭ ۋاقتى توشۇپ قىلىپ ئوپېراتسىيە ئۈچۈن مەركىزى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلدى. ئىككى-ئۈچ كۈندىن كېيىن سىڭلىسىنىڭ ۋاقتى توشۇپ قىلىپ يەرلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدۇق. بۇ دوختۇرخانىنىڭ دائىرىسى چوڭراق ئامبۇلاتورىيىچىلىك ئىكەن. مەن ئۆمرۈمدە تۇغۇت دېگەن نەرسىنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقىمۇ، بۇ قىز تولغاق ئازابىدا ھەر بىر قېتىم قىينالسا قورققىنىمدىن ئۆلتۈرغان يېرىمدىن قوپۇپ كېتەتتىم. قانداق ياردەم بېرىشىمنى ئەسلا بىلمەيمەن. ھەتتا بۇ قىزنى شەھىد بولۇپ كەتسە ئاچىسىغا قانداق جاۋاب بېرىمەن دېگەنلەرنىمۇ ئويلاپ كەتتىم. شۇنداق قىلىپ ئالدى-كەينى 8 سائەتتىن كېيىن ئوماققىنا بىر ئوغۇل دۇنياغا كۆز ئاچتى. باللىنى قولۇمغا ئېلىشىم بىلەن مەندە بۇرۇن ھېس قىلىنىپ باقمىغان بىرخىل ئانىلىق مېھرى قوزغالدى. بۇ بوۋاقنىڭ شۇنچىلىك تىمەن، ساغلام تۇغۇلغىنىدىن تولىمۇ خوش بولدۇم. مىڭ ئەپسۇس! ئاۋادا

شەھىد بولۇپ كەتكەن دادىسى ھايات بولغان بولسا قانچىلىك خوش بولۇپ كېتەر ئىدى. بەلكىم ئەينى چاغدا بۇ ياش بىر جۈپلەر تېخى دۇنياغا كۆز ئاچمىغان بۇ يۈرەك پارىسىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن نۇرغۇن گۈزەل پىلانلارنى تۈزۈشكەن بولغىيتتى. ھەي... ئىسىت! بۇ بوۋاق چوڭ بولغاندا دادىسىنى پەقەت رەسىمدىنلا تونۇيدىغان بولدى-دە!

مەن بالىنى ئاپىسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدىم. بۇ قىز 8 سائەتلىك تولغاق ئازابىدىن پۈتۈن ھالىدىن كەتكەن بولۇپ، بالىنى كۆرۈشى بىلەنلا چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈردى ۋە بالىغا ئانىلىق مېھرى بىلەن تىكىلدى.

مانا ھازىر بۇ قىزنىڭ يېنىدا ياكى ئاتا-ئانىسى يوق، ياكى ئۇرۇق-تۇغقان، يولدىشى ئەسلا يوق. مەن ھازىر بۇ قىزنىڭ يېنىدىكى بىردىنبىر تۇغقىنى بولۇپ قالدىم. مەن بۇ قىزغا ئامال بار يالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن گەرچە ئىشنىڭ يولىنى بىلمىسەممۇ ئەتراپىدا چېپىپ يۈرۈپتىمەن.

شامغا ئۇلگۈرۈپ دوختۇر قىز بىرگە مېۋە -چېۋە، سۈت ۋە تاماقلارنى كىرگۈزۈپتۇ. بىزنىڭمۇ قورساقلىرىمىز ئېچىپ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولۇپ، ئەكىرگەن نەرسىلەرنى زور ئىشتىھا بىلەن يەپ كەتتۇق. ئاللاھ ئۇ دوختۇر ئاياللاردىن رازى بولسۇن. تۇغۇت ۋە باشقا نەرسىلەرگە قەتئىي ھەق ئالمىدى. تېخى ھەقسىز بىرخالتا دورىلارنى قولىمىزغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ھەي... مۇسۇلمان دىيارى نېمە دېگەن گۈزەل! بىز كەلگۈسىدە قۇرماقچى بولغان ئىسلام دۆلىتىمىز قانچىلىك گۈزەل بولۇپ كېتەر!

كەچتە ئاچىسىنىڭ يولدىشى ماشىنا بىلەن بىزنى ئالغىلى كەپتۇ. بىز دوختۇر قىزغا بىرمۇنچە رەھمەتلىرىمىزنى بىلدۈرگەندىن كېيىن ئۆيگە قاراپ ئاتلاندۇق. ئاچىسىنىڭ يولدىشى ئېيتتى:«ئەتىگىچە تۇغۇتقا قارايدىغانغا قېرىنداشلار كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، بۈگۈنچە سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار» مەن كەسكىنلىك بىلەن ئېيتتىم:«بولدى، ھاجىتى يوق. ئۆزۈم كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە قارايمەن. ناۋادا مەن ھۆددىسىدىن چىقالمىسام، شۇ چاغدا بىر گەپ بولار» تۇۋا، باشقا ئاياللار قىلغاننى مەن نېمىشقا قىلالمايدىكەنمەن، ئەجەبا ماڭا ساۋاب كېرەك ئەمەسمۇ؟ مەنمۇ قىلىپ كۆنمەمدىم، دېدىم ئىچىمدە.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاچىسى دوختۇرخانىدىن قايتىپ كەلدى. بۇ ئايالنىڭ يولدىشى بولسا بازاردىن ھەرخىل قىممەتلىك يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كېلىپ ھەر ۋاقىت يوقلاپ تۇراتتى.

ھەممىدىن بەك تەسىرلەنگەن يېرىم بۇ كىشىنىڭ ئايالىنىڭ شەھىد بولۇپ كەتكەن يولدىشىدىن قالغان 4 ياشلىق بىر قىزى بولۇپ بۇ قىزغا ئاجايىپ ئامراق ئىدى. سىرتتىن كىرگەن چاغلاردا بىرىنچى بولۇپ قىزنى چاقىرىپ كۆتۈرۈپ، ئەركىلىتىپ قولىغا نەرسە تۇتقۇزماي تۇرۇپ باشقا ئىشقا كىرىشمەيتتى. ناۋادا ئاپىسى قىزغا كايىغان بولسا ئاپىسىنى بېسىپ تۇرۇپ قىزنى چاقىرىپ چىرايلىق تەربىيە بېرەتتى. مەن بۇ ۋەقەلىكلەرنى كۆرۈپ تەسىرلەنگەنلىكىمدىن بىر-ئىككى قېتىم كۆزۈمگە ياش ئېلىپ يىغلاپ سالدىم. بۇ مۇجاھىدلارنى خەلقئارادا تېررورچى، بۇلاڭچى، قاراقچى، ياۋۇز دەپ ئاتايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلار ئائىلىدە مېھرىبان دادا، كۆيۈمچان ئەر. جىھاد مەيدانلىرىدا كاپىرلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدىغان مۇجاھىد.

مەن ئايالى بىلەن كۆپ پىكىرلەشتىم. ئايالى بولسا ئوقۇغان، گەپ-سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى چاققان ئايال بولۇپ، بىراۋغا كۆيۈنۈشتە ئاجايىپ ئاشۇرۇپ كۆيۈنەتتى. بۇ ئايال ئۆتكەن يىلى 12-ئايدا بىر قېرىنداش قىزنىڭ تۇغۇتىدا ھەمراھ بولغان ئىكەن. ئەينى چاغدا تۇغۇت ئۈستىدىكى قىزنىڭ ئۇچىسىدا ھېچقانداق قىشلىق قېلىن كىيىمى يوق بولۇپ، پەقەت يىلىنىڭ بىر قات كۆينەك بىلەنلا قالغان ئىكەن. بۇ ئايال دەرھال شۇيەردە ئۆزىنىڭ بارلىق قىشلىق كىيىملىرىنى سېلىپ بېرىپ

ئۆيگە يىلىڭ كىيىمى بىلەن قايتىپ كەتكەن ئىكەن. بۇلارنىڭ نەپسىلىرى قانداق نەپسىلەردۇر دەيمەن. ئۆزى شۇنچىلىك ئېھتىياجلىق تۇرۇپ موھتاجلارغا بېرىۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ ياخشىلىقلىرىنى يوشۇرسا يوشۇرىدۇكى سۆزلەپ يۈرمەيدۇ. قېرىنداشلىق مېھرى-مۇھەببەت، كۆيۈنۈش دېگەن مانا مۇشۇنداق بولسا-ھە!

ئاللاھ بۇلاردىن رازى بولسۇن. ھەممىمىزنى مۇشۇنداق گۈزەل ئىسلامى ئەخلاق ۋە ئىسلامى نەپس ئاتا قىلسۇن. ئامىن!

ئۆي شارائىتى قۇلايلىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەر-ئاياللار باشقا ئۆي تېپىپ كۆچۈپ كەتتى. ئۆيدە سىڭلىسى بىلەن ئىككىمىز قالدۇق. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن كىر-قاتلارنى ئەنسارلار يۇيۇپ بەردى. ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆزۈم كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە قىلدىم.

سىڭلىسى بولسا كەمسۆز، مىجەزى ئېغىر، خىجىلچان قىز بولۇپ، ئاچىسىنىڭ پۈتۈن ئەكسى ئىدى. بەزىدە بۇ قىزنى كۆز چاناقلىرى ياشقا تولغان ھالەتتە كۆرۈپ قالاتتىم. تەسەللى بېرەي دېسەم نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمەيمەن. ئاخىرى بۇ قىزدىن سەۋەبىنى سورىدىم، بۇ قىز ئېيتتى:

-يولدىشىم جىھادقا ماڭىدىغان چاغدا يولدىشىمنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. ئايال كىشى ھامىلىدار ۋاقىتتا يولدىشىنىڭ كۆيۈنۈشىگە تولىمۇ موھتاج بولىدىكەن. يولدىشىم بىلەن توي قىلغان بۇ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يولدىشىم بىلەن بىرەر قېتىم تەتۈر قارىشىپ باقمىغان. يولدىشىم جىھادقا ماڭىدىغان چاغدا مەن يولدىشىمغا:«بۇ قېتىم چىقماي تۇرسىڭىز قانداق؟ مەن خاتىرجەم يەڭگىۋالسام، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىزنىڭ تۇنجى پەرزەنتىمىز» دېدىم. يولدىشىم :«جىھادتىن قېلىپ قالسام بولماس، ئىنشائاللاھ بىر ئايغا قالماي قايتىپ كېلىپ سىزگە قارايمەن. سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ» دەپ ماڭا بىر مۇنچە دەۋەتلەرنى قىلغاندىن كېيىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئىشىكتىن تەستە چىقىپ كەتتى. مانا بۇ يولدىشىمنىڭ ئاۋازىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاڭلىشىم ۋە يولدىشىمنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈم بولۇپ قاپتۇ. كۈندە چۈشۈمگە كىرىپ بىزنى ئېلىپ كەتمەكچى بولىدۇ. مانا بۈگۈن يولدىشىم چۈشۈمدە كىرىپ بالىنى كۆرۈپ بىزنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپتۇ. مەن يولدىشىمغا:« مېنىڭ قىرىقىم توشمىدى، سەپەر كۆتۈرەلمەيمەن» دەپتىمەن. بۇنى ئاڭلاپ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. دېمىسىمۇ بۇ قىزنىڭ يېشى ئەمدى 19 ياش. بىز تەرەپتە 19 ياشلىق قىزلار ئۆچۈپ چۈشۈشنى بىلمەي يۈرىدۇ. بۇ قىز بولسا كىچىككىنە ئاچىسى بىلەن بىللە ھىجرەت قىلىپ چىقىپ ھىجرەتنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىگە چىداپ ئەمدى بىر تۇرمۇش قۇرغىنىدا، يولدىشى شەھىد بولۇپ كېتىپ بۇ بوۋاق بىلەن يەنە يالغۇز قاپتۇ. ئاللاھ ھەممىمىزگە كۈچلۈك سەۋر ئاتا قىلسۇن.

تەلىيىمىزگە ئەنسارلار بىزدىكى غېرىبسىراشنى ھېس قىلدىمۇ. بىزنى قەتئىي يالغۇز قويمىدى.

دەل بۇ كۈنلەردە پاكىستان ھۆكۈمىتى يېنىمىزدىكى كەنتنى مۇجاھىدلارنى چىقىرىپ بېرىشكە مەجبۇرلاپ بومباردىمان قىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەر شەھىد بولۇپتۇ. بۇ ئىشلارنى بىز تەرەپتىكى خەلق بىلگەندىن كېيىن، مەسچىت-مەسچىتلەردە جىھاقا چاقىرىپ، جىھادقا ئاتلاندى. پاكىستان ساقچىلىرىنىڭ يالۋۇرغىنىغا ئۇنىماي ئۇلارنىڭ قايتىش يولىنى توساپ نەچچە كېچە جەڭ بولدى. كېچىلىرى قاتتىق پارتلىغان ئاۋازلار مېنى ئويغۇتىۋەتتى. پارتلاش، ئېتىشىشلار پەقەت ئەزاننىڭ ئاۋازى بىلەنلا توختايتتى. ئەتىسى كېچە يەنە جەڭ بولاتتى. مەن ھەربىر قېتىم ئېتىشىشنىڭ، بومبىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىمدا كاپىرلارغا بولغان غەزىپىم شۇنچە ئاشاتتى. مەنمۇ جەڭگە قاتنىشىپ كاپىرلارغا زەربە بېرەلىگەن بولسام دېگەنلەرنى ئارزۇ قىلىپ كېتەتتىم ۋە كېچىلىرى نامازلارغا تۇرۇپ بىر تەرەپتىن بومبىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاچ ئاللاھقا دۇئا قىلاتتىم:«ئي ئاللاھ! مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ قەدەملىرىنى جەڭدە مۇستەھكەم قىلغىن. كاپىر قەۋمىگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن. ھەقىقەتەن كاپىرلاردا ئىلغار ئۈرۈش قوراللىرى بار. بىزدە بولسا پۈتكۈل

مەخلۇقات ۋە شەيئىلەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئۆزۈك بار. بىز سىېنىڭ دىنىڭ ئۈستىدىدۇرمىز. سىېنىڭ ياردىمىڭلا بولىدىكەن كاپىرلارنىڭ تەدبىرلىرى ھەرگىز كارغا كەلمەيدۇ. بىزگە غەلبە نۇسرەت ئاتا قىلغىن.»

كۈندۈزلىرى بولسا ئامېرىكىنىڭ تىك ئۇچار ئايروپىلانلىرى بېشىمىزدا ئەگىپ يۈرەتتى. يەرلىك خەلقلەرگە قارىسام، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى قىلىپ يەنىلا خاتىرجەم يۈرۈشەتتى. ئۇششاق باللار بولسا يەنىلا ئۆزىنىڭ باللار ئويىنى بىلەن بەند ئىدى.

مەن بىز تەرەپتىكى خەلقلەرنى ئويلاپ كەتتىم. ناۋادا جەنۇبتا تۇتۇش بولىدىكەن دېسە، شىمال تەرەپتىكىلەر پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ، بۇ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىقلارغا چۈشۈپ كېتىمىز. ناۋادا، ئىدارىدە ھىجاپتىكىلەرنى ئىشتىن بوشىتىدىكەن دېگەن يالغان-ياۋىداق گەپلەرنىڭ شەپىسى كېلىپ بولغىچە ئاللاھنىڭ «مۆمىن بەندىلەر» تىزىملىكىدىن چۈشۈپ قىلىۋاتقانلىقىمىز بىلەن كارىمىز يوق ياغلىق، رومالرىمىز ئۆزلۈكىدىن ئارقىغا كېتىپ قالىدۇ. ئاللاھ ھەممىمىزگە مۇستەھكەم ئىسلامى ئەقىدە، چېكىنمەس ئىمان، دۇنيانىڭ نازۇ-نېمەتلىرىگە بېرىلمەيدىغان ھەقىقى ئىسلامى نەپس ئاتا قىلسۇن. ئامىن!

ۋەزىيەت بارغانسېرى خەتەرلىك بولۇپ قىلىپ بىزنى كۆچۈرۈشكە توغرا كەلدى. مەن دەسلەپتە چۈشكەن ئۆيگە بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. چۈنكى ئۇ قىزنىڭ يولدىشىمۇ مېنىڭ يولدىشىم بىلەن ھەجگە كەتكەن ئىدى. تەلىپىم بويىچە مېنى ئەنە شۇ ئۆيگە ئېلىپ كەلدى.

بۇ ئۆيدە 3 ئايال بىللە تۇرۇۋاتقان ئىكەن. بىرسى ھېلىقى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن قېرىندىشىدىن ھېچنېمىنى ئايىمايدىغان قىز. يەنە بىرسى كەمسۆز، ئېغىر بېسىق، لېكىن گۇناھ ئىشلارنى كۆرۈپ قالسا ئۇنى توسۇشقا دەرھال ئاتلىنىدىغان ئۆزبېك قىز بولۇپ بۇ قىز بىر ياشقا توشمىغان بالىسى بىلەن ئىككى قات ھالەتتە ئىدى. يەنە بىرسى مەن ئالدىنقى قېتىم بىللە تۇرغان، 4 ياشلىق ئوغلى بار ھېلىقى سەۋرچان ئۆزبېك قىز.

مەن كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ رامزان ئېيى كىردى. بىز ۋە ئەنسارلار رامزاننىڭ كىرگەنلىكىدىن بەكمۇ خوش بولۇشتۇق. بەلكىم مۇسۇلمانلار دىيارىدا رامزان ئايلىرى «خۇشاللىق ئايلىرى» بولسا كېرەك. جامائەتتىنمۇ رامزان ئېيىنى مۇبارەكلەپ كىتابلارنى بېسىپ تارقىتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رامزان ئېيىدىكى مولچىلىقنى دېمەيلا قوياي. بەلكىم بەك ئاشۇرۇۋەتتى دەپ ئويلاپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. رامزان ئېيىدا تۈزۈك پۇل سەرپ قىلغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن. داستىخانلىرىمىز ئەنسارلار كىرگۈزگەن ھەرخىل مېۋە -چېۋە، تاماق، خىلمۇ-خىل قورۇلغان سەيلەر بىلەن تولۇپ كېتەتتى. تەرەپ-تەرەپتىن كېلىۋاتقان پۇل-پېچەك، سوۋغىلار. بىرىنچى قېتىم بىزگە مېھمان كەلگەندە ئەنسارلار تېخى مېھمانلىنى ئۇزۇتۇۋېلىش ئۈچۈن گۆش، سەيلەرنى كىرگۈزۈپتۇ. مەن شۇندىلا رامزان ئېيىنى «مولچىلىق ئېيى» دەپ ئاتىدىم.

بىز كۈندۈزلىرى بەسلىشىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتۇق. كېچىلىرى نامازغا تۇراتتۇق. بۇلار ماڭا بۇ يەردىكى ئىلغار ئىش-ھەرىكەتلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. مەن بولسام پۈتۈن دىققىتىم بىلەن بېرىلىپ، كۆزلىرىمنى ياشقا تولدۇرۇپ ئاڭلاپ ئولتۇراتتىم.

مۇجاھىدلار ئارىسىدا قىرغىزىستانلىق بىر مۇجاھىد بولۇپ، ئادەتتە كۈن بويى روزا تۇتار ئىكەن. سەۋەبىنى باشقىلارغا ئەسلا ئېيتماس ئىكەن. بىر كۈنى مۇجاھىدلار بىرلىشىپ سەۋەبىنى ئېيتىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىرى بۇ مۇجاھىد سەۋەبىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. بۇ مۇجاھىد ئەسلىدە ۋەتەنىدە مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا «ئاتېئىزم تەربىيىسى» دەرسى بېرەر ئىكەن. ئۆزىمۇ بۇ پەلسەپەگە ئىشىنەتتىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ كىشىنىڭ تۆگىسى ئۆزىنىڭ ئارقىنىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپ بۇ كىشىنى قوغلاشقا باشلاپتۇ. كوچىدا كىشىلەر شۇنداق كۆپ بولسىمۇ تۆگە

پەقەت بۇ كىشىنىلا قوغلايدىكەن. بۇ كىشى قاچا-قاچ ئاخىرى قەبرىستانلىققا يېتىپ كەپتۇ. لېكىن تۆگە قوغلاشتىن توختىماپتۇ. بۇ كىشى قەبرىلەرنى ئارىلاپ يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغاندا بىر قىسمى ئېچىلىپ قالغان بىر قەبرىنى كۆرۈپ، شۇيەرگە كىرىپلا مۆكۈنۋاپتۇ. تۆگە بولسا ئارقىدىن قوغلاپ كېلىپ تۇمشۇقلىرىنى ئېگىپ بېقىپ ئامال بولمىغاندا قەبرە بېشىدا ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ كىشى يېنىغا قارىسا بىر پۈتۈن ئادەمنىڭ ئىسكىلىتى تۇرغان. شۇنداق قارىغۇدەك بولسا بىر چايان ئايلىنىپ كېلىپ بۇ ئىسكىلىتنى چاقار ئىكەن. ئىسكىلىت بولسا بىر ھازاغىچە سىلكىنىپ كېتىدىكەن. چايان چۆرگىلەپ-چۆرگىلەپ يەنە چاقار ئىكەن. ئىسكىلىت يەنە قاتتىق سىلكىنىپ كېتىدىكەن. بۇ كىشى بولسا «ئەمدى بۇ قېتىم مېنى چاقار بولدى» دەپ ئولتۇراتتىكەن. لېكىن چايان بۇ كىشىگە قەتئىي چېقىلماي ھەر قېتىم ئەنە شۇ ئىسكىلىتنى چاقار ئىكەن. قايتا-قايتا چېقىپ بولغاندىن كېيىن چىقىپ ھېلىقى تۆگىنى چېقىپ كىرىپ كېتىپتۇ. تۆگە قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە ئازراق مېڭىپلا يىقىلىپتۇ. بۇ كىشى چىقىپ شۇندىلا «ئەسلىدە گۆر ئازابى دېگەن مۇشۇ ئىكەندە، ئاللاھنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان ھىدايىتىگە شۈكرى» دەپ ئىمان ئېيتىپ، خىزمىتىنى تاشلاپ، بۇ ياققا ھىجرەت قىلىپ چىقىپ مۇجاھىدلارغا قوشۇلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

يەنە مۇجاھىدلىرىمىز ئارىسىدا مۇجاھىدلارغا تاماق قىلىدىغان بىر ئاشپەز مۇجاھىد بولۇپ، قوماندانىدىن كۆپ قېتىم جىھادقا ئېلىپ چىقىشنى تەلەپ قىپتۇ. لېكىن ھەر قېتىم قوماندان «كېلەر قېتىم» دەپ قويۇپ ئېلىپ چىقمايدىكەن. بۇ ئاشپەز ئاخىرى ھېرىپ جىھادقا چىقىشنى تەلەپ قىلماس بولۇپتۇ. بىر قېتىم قوماندان بۇ كىشىنىڭ جىھاقا چىقىشىنى ئېيتىپتۇ. بۇ كىشى شۇ يەردىلا ئەلھەمدۇلىللاھ دەپ چەيدو، پىچاقلىرىنى تاشلاپ، ئاللاھقا دۇئا قىلىپتۇ:«ئې ئاللاھ! مەن شۇنداق بىر شەھىد بولايكى، پۈتۈن بەدەنلىرىم پارە-پارە بولۇپ جەسىتىمنى ھېچكىم تاپالمىسۇن!» جىھادمۇ باشلىنىپتۇ. جىھاد ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۇجاھىدلارنىڭ سانىنى ئالىدىغان ۋاقىتتا، بۇ مۇجاھىدنى ئىزلەپ ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. پەقەت بۇ مۇجاھىدنىڭ دەرەخكە ئېسىلىپ قالغان قانغا بويالغان بىر پاي ئايىغىدىنلا شەھىد بولغانلىقىنى بىلىپتۇ. مەن دېدىم:

-ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئامېرىكىنىڭ پەن-تېخنىكىسى ۋە ئۇرۇش قوراللىرى تېخنىكىسى تولىمۇ يۇقىرى، مۇجاھىدلىرىمىزدا ئۈنچىلىك ئىلغار ئۇرۇش قوراللىرى يوق ھەم ئۈنچىلىك ئىلغار پەن-تېخنىكىمۇ ئىگە ئەمەس. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنى تولىمۇ يىراقتا دەپ ئويلايمەن.

ئۇ قىز بۇ گەپنى ئاڭلاپلا:

-بۇ قانداق گەپ؟ ئەينى ۋاقىتتا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا جاھىلىيەت ئەۋج ئالغان، پۈتكۈل كىشىلەر بۇت پەرەسلىككە بېرىلگەن بولۇپ، يالغۇز ئەرەب يېرىم ئارىلا ئەمەس، پۈتكۈل يەر شارىدا ئىسلام دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. دەل شۇ پەيتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نى بىر ئۆزى يالغۇز ئەنە شۇ جاھىلىيەت ئەۋج ئالغان جەمئىيەت كىشىلىرىگە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دىن تارقىتىشقا بىر تۈركۈم كۈچلۈك قوشۇنى بولغان ئەمەس. ياكى قولىدا مال-دۇنيا خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچى ئەسلا بولغان ئەمەس. ئۆزى بولسا ساۋاتسىز، بىر يېتىم ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ﷺ پەقەت ئاللاھقا بولغان ئىشەنچ بىلەن دەۋەت ئېلىپ بېرىپ ئەتراپىدىكى ئاز بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئىمانغا كىرگۈزگەن. ئەنە شۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئەينى چاغدىكى قۇرەيش كاتتىلىرىغا سېلىشتۇرغاندا قانچىلىك ئىلىم-مەرتىپەتكە ئىگە ئىدى دەيسىز؟ كېيىن مەدىنە كىشىلىرى بۇلارنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يول بېرىشى بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقان. پەيغەمبەر ﷺ لا ئەمەس. كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەر يۇرتلىرىنى تاشلاپ ھىجرەت قىلىشقان. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن بارا-بارا كۈچ توپلاپ، كاپىر-مۇشرىكلار بىلەن جىھاد قىلغان. بەزىدە كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ئولجا ئېلىپ قايتاتتى، بەزىدە

مەغلۇپ بولۇپ قايتاتتى. بارا-بارا ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ پۈتۈن قىسمىنى ۋە باشقا دۆلەت-رايونلارنى ئىسلامغا كىرگۈزگەن. ئۆزىڭىز بىلىسىز، بۇ جەرياندا پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلار قانچىلىغان قېتىم ئاچ قالغان، قانچىلىغان ئەزىيەت ۋە خورلۇقلارغا ئۇچرىمىغان دەيسىز. مانا شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىسلام ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ. ناۋادا ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمايدىكەن ئەنە شۇ بىرتۈركۈم ئاجىز-كەمبەغەل كىشىلەر قانداقمۇ يەرشارىدا ئىسلامنى بارلىققا كەلتۈرەلەيتتى. يەنە ئويلاپ باقمامسىز؟ پىرئەۋن بىلەن بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ كۈچ-قۇدرەت جەھەتتىكى سېلىشتۇرمىسى قانچىلىك زور، ئاللاھ بەنى ئىسرائىلنى پىرئەۋن قەۋمىدىن قانداق قۇتقۇزدى؟ ئەنە شۇ بەنى ئىسرائىلنى پىرئەۋنىدىن قۇتۇلدۇرغان زات دەل بىزلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان رەببىمىز ئاللاھدۇر. شۇ بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمىتىگە ناشۈكۈرلۈك قىلغان ئىدى. تارىختا ئەڭ خار مىللەت بولۇپ، تارىختىن بۇيان كۆرمىگىنى قالمىدى. خار قىلىش، ئەزىز قىلىش، مەغلۇپ قىلىش، غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش پەقەت ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بولىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئىلغار ئۇرۇش قوراللىرى ۋە ھازىرقى زامان پىرئەۋنى -بوش بولسا، بىزنىڭ ئاللاھىمىز بار. ئۇلارنىڭ پەخىرلىنىپ، مەيدىسىگە ئۇرۇپ كەتكەن ئىلغار ئۇرۇش قوراللىرى پەقەت ئاللاھنىڭ ياراتقان بىر مەخلۇقى. ئەنە شۇ ئاتقان بومبا ۋە قوراللىدىن چىقىۋاتقان ئوقلار پەقەت ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن خالىغان يەرگە بارىدۇ. ئۇ كاپىرلارنى يوق قىلىش ئاللاھقا قانچىلىك ئاسان ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. ئاللاھ ئۇلارنى يوق قىلىشتا سىزگە ۋە بىزگە موھتاج بولۇپ قالمايدۇ. ئاللاھ پەقەت ئەنە شۇ كاپىرلار ئارقىلىق ھەقىقى مۆمىن بىلەن، ئاغىزدا مۇسۇلمانلىق دەۋاسىنى قىلىپ ئىشىنىڭ ئاسىنىغا يۈگۈرىدىغان تەييارتاپ مۇسۇلمانلارنى ئايرىيدۇ. ھازىر دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە مۇسۇلمانلار قاتتىق خارلىققا ئۇچراۋاتىدۇ. ھەتتا بىز تەرەپتە كاپىرلار ئاتا-ئانىسىنى قارىتىپ قويۇپ كىچىككىنە مۇسۇلمان قىزنىڭ نومۇسىنى دەپسەندە قىلغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا ئەنە شۇ كاپىرلاردىن مۇسۇلمان قېرىنداشىمىز ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش سىز بىلەن بىزگە پەرز ئەمەسمۇ؟ ھازىر مۇسۇلمانلارنىڭ تەقدىرى ھالقىلىق باسقۇچقا يېتىپ قالدى. بىزنىڭ ھازىرقى بىردىن-بىر ۋەزىپىمىز، نىيەتنى توغرىلاپ پۈتكۈل دۇنيا مۇسۇلمانلىرى مانا مۇشۇ يەرگە يىغىلىپ ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش يولىدا يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىپ، جىھادقا تەييارلىق قىلىش. غەلىبە نۇسرەت بولسا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىش. ئىنشائاللاھ ئۇ كۈنلەرگىمۇ ئاز قالدى. بىز ئۆيدە ئولتۇرۇپ ھېچنېمىنى كۆرمىگىنىمىز بىلەن جىھاد مەيدانلىرىدا ئاللاھنىڭ مۇجاھىدلارغا ئاتا قىلغان نۇسرەتلىرى كۆپ. مەسىلەن: جىھاد جەريانىدا كاپىرلاردىن نەچچە يۈزلىگەن كاپىرلار ئۆلگەن بولسا، مۇسۇلمانلار تەرەپتىن پەقەت ئاللاھ شەھىدلىككە ئېرىشتۈرۈشنى خالىغان ئازغىنە مۇسۇلمانلارلا شەھىدلىككە ئېرىشىدىكەن، دېدى.

مەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئاللاھقا ئىچىمدە توختىماي شۈكۈرلەرنى بىلدۈرۈپ كەتتىم. مەن ۋەتەندە جاھىلىيەتتىن ئىسلامنى قوبۇل قىلدىم. بۇ جەرياندا كۆپ-كۆپ ئىزدەندىم. ھەتتا «ھىزبۇتتەھرىر تەشكىلاتى» غىمۇ ئەزا بولۇپ، دەرس ئېلىپ، دەرس بېرىپ يۈردۈم. لېكىن بۇ سوئاللىق قەلبىم قەتئىي قانائەت ھاسىل قىلماي بىر يېرىم يىلدىن كېيىن چىقىپ كەتتىم. مېنىڭ بۇ قەلبىم ئەنە شۇ زېمىندىكى ھەرقانداق ھاياتقا رازى بولماي چىقىش يولىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئەسلا بىلەلمەي، ئاخىرى ئۆز ئەقىدەمنى ساقلىيالمىغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ قالغىنىمدا ئاللاھ مېنى ئۇ زېمىندىن يۇلۇۋېلا ئۆزۈمگىمۇ بىلدۈرمەستىن بۇ زېمىنغا ئېلىپ كېلىپ تاشلىدى. مەن شۇنداق خۇلاسىلايمەنكى- ئاللاھ مېنى ھاياتىمدا ئىككى قېتىم ئەڭ چوڭ نېمەتكە مۇيەسسەر قىلدى. بىرسى ئاللاھ مېنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى قەلبىمگە چوڭقۇر سالدى. ئىككىنچىدىن ماڭا ھىجرەتنى نېسىپ قىلىپ ئىسلامنىڭ بۈيۈك خىزمەتلىرى ئىشلىنىۋاتقان بۇ زېمىندا ياشاشقا مۇيەسسەر قىلدى. دېمەك مېنى جەننەتنىڭ يولىغا باشلاپ قويدى. ناۋادا بىراۋ ماڭا

بۇيۇم بىلەن تەڭ ئالتۇننى سۇنۇپ تۇرۇپ ئاللاھنىڭ بۇ نېمىتى بىلەن تېگىشەيلى دەيدىغان بولسا، مەن ھېچ ئىككىلەنمەستىن، ئۇ مال-دۇنيانى ئەمەس پەقەت ئاللاھنىڭ بۇ نېمىتىنى تاللايمەن. ناۋادا بىراۋ ماڭا «پالانى شەھەردە ساڭا داچا، ۋە ئېسىل پىكاپلارنى تەييارلىدىم. سەن بۇ زېمىندا جاپا تارتىپ، مۇساپىر بولۇپ يۇرمەي ئەنە شۇ يەرگە بېرىپ ياشىغىن» دەيدىغان بولسا مەن بېرىپ ئەنە شۇ گۇزەل داچىنى، پىكاپنى سېتىۋېتىپ، پۇلىنى بۇ يەردىكى قېرىنداشلارغا ئۇلەشتۇرۇپ بېرىپ بۇ زېمىندىن، بۇ كىشىلەردىن ئايرىلمايمەن. ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ قەدەملىرىمىزنى مۇستەھكەم قىلغاي. ئامىن!

مەن كېلىپ بىر نەچچە كۇندىن كېيىن ھېلىقى 4 ياشلىق ئوغلى بار قىز باشقا ئۆيگە كۆچمەكچى بولۇپ قالدى. بۇ قىز تەييارلىقىقا كىرىشتى. مەن:«بۇ قىزنىڭ قانچىلىك يۇك-تاقىسى چىقار» دېگەن خىيال بىلەن قىزىقىپ كۇزىتىپ ئولتۇردۇم. بۇ قىز نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، بىز بىلەن خوشلىشىپ ئىشىك ئالدىغا باردى. قارىسام ئۇ قىزنىڭ قولىدا نورمال چوڭلۇقتىكى بىر كىيىم سومكىسى، بوينىغا ئېسىۋالغان قول سومكىسى، بېلىگە باغلىۋالغان بومبا، قورال ۋە 4 ياشلىق ئوغلى. نېمىدېگەن يەڭگىل ھە! سىلەرچە بۇ قىزدا «قانداق قىلسام ماۋۇ بىرتال سومكامنى ئىككى قىلارمەن؟ ئەتە بالام بىلەن نېمە يەرمىز؟ نېمە كىيەرمىز؟» دېگەندەك دۇنيا غەملىرى مەۋجۇتمىدۇ؟ رەببىمىز ئاللاھقا ھاياتىنىڭ ئەڭ گۇزەل چاغلىرى بولغان 20 ياش ۋاقىتلىرىنى ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە ئاتاپ، كۆپلىگەن كىشىلىرىمىز ياشاشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ياۋروپا تورمۇشىدا ياشاشتىن بۇ زېمىندا پېقىرلىق تورمۇشتا ياشاشنى ئەۋزەل بىلگەن، دۇنيالىقتا يېنىدا ياكى ئاتا-ئانىسى ياكى يولدىشى بولمىغان بۇ مەسۇم، يېتىم قىز سۆيۇملۇكمىدۇ؟ ياكى يۇقىرى مائاشلىق، يۇقىرى تورمۇش سەۋىيىسىگە ئىگە باي مۇسۇلمانلىرىمىز سۆيۇملۇكمىدۇ؟

بۇ قىزمۇ كەتتى. مەن بۇ قىزغا قاراپ كۆڭلۇم يېرىم بولغىنىمچە ئولتۇرۇپ قالدىم. نەچچە كۇنگىچە ئۇ قىزنىڭ ئەنە شۇ ئىشىك ئالدىدىكى ئاددىي قىياپىتى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. ئاللاھ كەلگۇسى جەننەتتە بۇ قىزغا ھەسسىلەپ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغاي!

نەچچە كۇندىن كېيىن ھېلىقى ئىككى قات قىزنىڭ ئاكىسىنىڭ ئايالى بىر قىز بىر ئوغلى بىلەن بىزنى يوقلاپ كەپتۇ. بۇ ئايال 40 ياشلار چامىسىدىكى ئايال بولۇپ، مىجەزى ئوچۇق، سۆزگە باي، ئوقۇغان، بىلىملىك ئايال ئىكەن. ئېغىزىدىن ئاللاھنىڭ سۆزىدىن باشقا سۆز چىقمايتتى. بۇ ئايال سىڭلىسى بىلەن ھەدەپ پاراڭلىششقا باشلىدى. مەن بۇ ئايالنىڭ قويۇق ئۆزبېكچە گەپلىرىنى تولۇق چۇشىنەلمىگەنلىكىم ئۇچۇن ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

ئەنسارلار ماڭا:«ھازىر جەڭ باشلانماقچى. سەن قورقمىدىڭمۇ؟ باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ ۋاقىتىنچە تۇرۇپ تۇرۇشنى ئويلاشمىدىڭمۇ» دەيدۇ. مەن دېدىم:«بىزنىڭ ئائىلىمىز ۋەتەندە چوڭ سودىگەر ئائىلە بولۇپ بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزنىڭ قانچىلىك ئېسىل ئىكەنلىكىنى سەن ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن. بىزنىڭ ئائىلە، ئاپاملاردىن تارتىپ ئەنە شۇ ئېسىل ئۆيلىرىمىزنى تاشلاپ ھىجرەت قىلىپ بۇ زېمىنغا چىقتۇق. ھىجرەت قىلىشتىكى مەقسىتىمىز كاپىرلاردىن قورقۇپ مۆكۈنۇپ يۇرۇپ ياشاشمۇ؟ ئاللاھ تائالا بىر مۇسۇلمان 20 كاپىرغا تەڭ كېلەلەيدۇ دېگەن. ناۋادا كاپىرلار باستۇرۇپ كېلىدىغان بولسا ئىنشائاللاھ مانا مەن 20 كاپىرغا تېتىيمەن. بىز بۇ زېمىندا پەقەت ئاللاھنىڭ دۇشمەنلىرىنى يوقىتىمىز دەپ ياشاۋاتىمىز. ئۆلۇم دېگەن نەرسە مەيلى مۇستەھكەم تاغقا يوشۇرۇنۇۋالساڭمۇ، سېنى تاپىدۇ» دېدىم.

«غەيرىتىڭىزگە بارىكاللا ھەدە» دەۋەتتىم ئىچىمدە. ئويلاپ كەتتىم، بىزدە قورساق غېمىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان لايىغەزەل مۇسۇلمان ئەرلەردىن زېمىن توشقىچە بولغاندىن مانا مۇشۇنداق

قەلبى ئاللاھقا مۇھەببەت بىلەن تولغان غەيرەت-جاسارەتكە ئىگە شىر يۈرەك ئايالدىن بىرسى بولغىنى ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟

بۇ ئايال ئۆيىمىزدە خېلى كۈنلەرگىچە بىللە تۇردى. مەن بۇ ئايالنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. قارىسام بۇ ئايال بوش ۋاقىتلىرىدا بالىلىرىغا قۇرئاندىن ساۋاق بېرىپ، قۇرئان ئايەتلىرىنى يادلىتاتتى. بەزى ۋاقىتلاردا ھەرخىل ئۆزبېك تىلىدىكى ساھابىلارنىڭ ھاياتى تەسۋىرلەنگەن كىتابلارنى ئوقۇپ بېرەتتى. قىزى بىلەن ئوغلى بولسا بىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قىزىقىپ تۇرۇپ ئاڭلايتتى. بەزىدە ئاپىسىنى توختىتىپلا ئاپىسىغا سوئاللارنى قوياتتى. ئاپىسى ئۇلارنىڭ سوئالىغا چۈشىنىشلىك قىلىپ جاۋاب بېرىۋەتكەندىن كېيىن ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇراتتى. بەزى يەرلىرىگە كەلگەندە بۇ باللار بىز بىلەن تەڭ كۆزلىرىگە ياش ئالاتتى. بۇ ئايال پۇرسەت بولسىلا بىزگە ھەرخىل ھەدىسلەرنى بايان قىلىپ بېرەتتى. بۇ ئايالنىڭ 13 ياشلىق بىر ئوغلى بولۇپ ھازىر قوماندان ياخشى كۆرگەن كىچىك مۇجاھىدلاردىن بىرى بولۇپ قاپتۇ. ئاڭلىسام ئۇ ئوغلىمۇ ئاپىسىغا ئوخشاش شىر يۈرەك ئەزىمەت ئىكەن. «پەرزەنت ئانىسىنى تارتىدۇ» دېگەن گەپ بەلكىم راست بولسا كېرەك. ئانا شىرنىڭ بالىسى، بالا شىر بولىدۇ-دە. نەچچە كۈندىن كېيىن بۇلارمۇ كەتتى. ئۆيدە ئۈچىمىز قالدۇق. بۇ ئىككى قىز يولداشلىرىغا ئاجايىپ ئىتائەتمەن بولۇپ ئېغىزلىرىدىن «يولدىشىمنىڭ ئىجازىتى يوق» دېگەن سۆزلەر كۆپ چىقاتتى.

بىر كۈنى مەن بۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن «بىز قورشاۋدا قالغان ۋاقىتتا....» دېگەندەك گەپلەرنىڭ چىققىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. ۋە بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىغا قىزىقىپ تەپسىلاتىنى بايان قىلىپ بېرىشىنى ئېيتتىم.

ھېلىقى ئىككى قات قىز ئېيتتى:«ئۆتكەن يىلى 2-ئاي مەزگىللىرى. مەن بۇ بالىنى يەڭگىپ ئاران ئىككى كۈن بولغان ۋاقىت ئىدى. مەن ئۆيدە تۇغۇتۇمغا قارىغىلى كەلگەن قىز بىلەن بىللە ئىدىم. يولدىشىم بولسا يېنىمىزدىكى ئۆيدە ئىككى مۇجاھىد بىلەن ئولتۇراتتى. توساتتىن يولدىشىم چىرايى ئۆڭگەن ھالدا كىردى-دە يەنە چىقىپ كەتتى ۋە بىردەمدىن كېيىن يەنە كىردى. مەن ھەيران قىلىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدىم. دەسلىپىدە يولدىشىم ماڭا ئارتۇق جاۋاب بەرمىدى. كېيىن بىزنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقىمىزنى ئېيتتى. مەن چۆچۈپ كەتتىم. ئاستا قوپۇپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىسام ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپى نەچچە يۈزلىگەن ساقچىلار قورشاپ ئالغان بولۇپ، قوراللىرىنى بەتلەپ تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ. يولدىشىم كەسكىنلىك بىلەن ماڭا دېدى.

-قانداق، ماڭالامسەن؟ مەن يىغلامسىراپ ئېيتتىم:

-ۋاي... ماڭا يەڭگىلى ئاران ئىككى كۈن بولغان تۇرسا، مەن قانداق قىلىمەن؟ يولدىشىم ئېيتتى.

-قېنى بىز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ چىقىپ باقايلى، ياكى ئاللاھ بىزگە چىقىش يولى بېرەر ياكى ھەممىمىز شەھىدلىككە ئېرىشەرمىز. سېنىڭ ئارزۇيۇڭمۇ مەن بىلەن بىللە شەھىد بولۇش ئىدىغۇ!

مەن ئولتۇرۇپلا قالدىم. يولدىشىمغا قارىسام، يولدىشىمنىڭ چىرايى ئۆڭگەن ھالدا غەمگە پېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. يولدىشىمغا قاراپ شۇنچىلىك ئېچىم ئاغرىپ قالدى. ئەرلەر ئۆزى يالغۇز بولسىغۇ يەنە ئانچىلىك غەم يوق، لېكىن ئىككى ئايال، يېنىمىزدا ئۈچ بالا. مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ ئەنسىرىگەن ئىشىم بۇ مۇجاھىدلارنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشى ئىدى. ئۆيلاپ بېقىڭ ئەينى چاغدا قولىمىزدا پەقەت 2 تال بومبا ۋە بىرتال تاپانچا بارئىدى. مۇجاھىدنىڭ قولىدا قورال بولمىسا ئۇ مۇجاھىد بولالامدۇ؟ كۆز ئالدىڭىزدا يولدىشىڭىز قارشىلىق كۆرسىتەلمىگەن ھالەتتە كاپىرغا ئەسىرگە چۈشۈپ ئېلىپ كېتىلسە، بۇ ئايالى ئۈچۈن نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئىش ھە؟! مەن يەنە

يولدىشىمغا يىغلامسىراپ دېدىم: ناۋادا سىز ئەسىرگە چۈشۈپ قالسىڭىز مەن قانداق قىلىمەن؟ يولدىشىم ئېيتتى:

-ئەگەر مەن تۇتۇلۇپ كەتسەم ياكى شەھىد بولۇپ كەتسەم سەن ھەرگىز ۋەتەنگە قايتمىغىن. مۇشۇ جامائەتتىن ئايرىلماي، بالىنى ئىسلام بويىچە تەربىيىلەپ جىھادقا ئاتىغىن.

مەن قىبلىگە قاراپ ئاللاھقا دۇئا قىلدىم:«ئي مېنىڭ رەببىم ئاللاھ! سەن ھەممىگە قادىرسەن، سېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىڭ چەكسىز، سېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىڭ ئالدىدا بىزنى بۇ كاپىرلار ئالدىدىن ساق-سالامەت ئېلىپ چىقىش ھېچقانداق تەس ئەمەس. بىزنى قۇتۇلدۇرغىن، مۇجاھىدلىرىمىزنى ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىغىن» يولدىشىم بالىنى قولىغا ئالدى-دە، كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ تۇرۇپ:«جېنىم بالام، بۇ دۇنياغا پەقەت ئىككى كۈنلۈككە كەپتىكەنسەن، بىز بىلەن تەڭ شەھىد بولۇپ كېتىدىغان بولدۇڭ» دېدى. بالام بولسا پۈتكۈل دۇنيا ئىشلىرىدىن بىغەم، خاتىرجەم ئۇخلاۋاتاتتى. مەن ئورنۇمدىن ئاستا تۇرۇپ تەييارلاندىم. يولدىشىم بالىنى ئالدى. قالغان ئىككى مۇجاھىد بىر قولىغا بومبا، بىر قولىغا ماشا قاراشقا كەلگەن قېرىنداش قىزنىڭ بالىلىرىنى بىردىن ئېلىشتى. بىز ئاستا دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق-دە، بومبىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ تاشلىۋېتىپ «لا حول ولا قوة إلا بالله» دېگىنىمىزچە ئىشىكتىن چىقتۇق. بىرىنچى بولۇپ بىر مۇجاھىد بىر قولىدا بالا، بىر قولىدا بومبا بىلەن چىقتى. ئارقىدىن مەن چىقتىم. مېنىڭ ئارقامدىن يولدىشىم بالىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر مۇجاھىد بىر قولىدا بالا بىر قولىدا بومبا تۇتقان ھالەتتە، ئەڭ ئاخىرىدا ھېلىقى قىز چىقتى. ئىشىكتىن چىقىشىمىزغا ئالدىمىزغا بىر ساقچى قوراللىرىنى بىزگە قارىتىپ بەتلىدى. بىرىنچى بولۇپ چىققان مۇجاھىد بومبىنى ساقچىنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ:«بۇنى كۆردۈڭمۇ؟» دېدى. ساقچى ئېغىزى ئېچىلىپ پارتلاشقا تەييار بولغان بومبىنى كۆرۈپلا قوراللىرىنى تاشلاپ قولىنى كۆتۈردى-دە، باشقىلارنى قورال تاشلاشقا بۇيرىدى. ئەتراپقا قارىساق ھەممە يەرنى ساقچى قورشاۋ قىلىۋالغان بولۇپ، قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي قالدۇق. ئاخىرى چوڭ كوچىغا قاراپ ماڭدۇق. بۇ چاغدا مەندە ئازراق قورقۇش بولدى. شۇنداق يېنىمغا قارىسام يوغان تانكىدىن بىرسى تۇرۇپتۇ. تانكىدىن بىرسى بېشىنى شۇنداق چىقىرىپ قولىمىزدىكى بومبىنى كۆرۈپلا بېشىنى شاپپىدە ئىچىگە تىقىۋالدى. يولدىشىم بىزگە:«تېز تەكبىر تۇۋلاڭلار، ئاياللارمۇ بىرلىشىڭلار!» دېدى. مەن تۇۋلىدىم:«تەكبىر!» ئۇلار تۇۋلىدى:« ئاللاھۇ ئەكبەر» مەن تۇۋلىدىم:«لا إله إلا الله» ئۇلار تۇۋلىدى: « محمد رسول الله» بۇچاغدىكى تەكبىرلەر قەلبلىرىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ بۇنىڭ تەسىرىدە پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز لەرزىگە كېلىپ ئۇنىڭ تەسىرلىرى چىرايلىرىمىزغا نامايان بولاتتى. قەلبىمىز بىردىنلا كۈچلۈك غەيرەت-جاسارەت، ئىشەنچكە تولۇپ دادىل قەدەم بىلەن ئالغا قاراپ ماڭدۇق. ساقچىلار ھەيران بولغان ھالدا ئاغزىنى ئاچقىنىچە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. توساتتىن ئالدىمىزغا يىراقتىن بىر ئاقساقال ئادەم يۈگرەپ كەلدى. ۋە ساقچىلارغا «بۇلارنى ئاتماڭلار!» دېدى-دە، بىزگە «تېز مېڭىڭلار» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى. ئاڭلىساق بۇ كىشى ئەسلىدە پېشقەدەم ساقچى باشلىقى ئىكەن. ساقچىلارغا قارىساق ئارىدىن نۇرغۇن ساقچىلار بىر قولى تەسلىم بولغان ھالەتتە كۆتۈرۈكلۈك، بىر قولىدا بىزگە «تېز مېڭىڭلار» دېگەن مەنىدە ھەدەپ ئىشارەت قىلاتتى. چۈنكى يەرلىك ساقچىلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمان ئىدى. بىز تۇۋلىغان تەكبىر ئۇلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالماي قالدۇ دەمسىز؟ بىز شۇ تەكبىر تۇۋلاپ مېڭىشىمىزدا چوڭ كوچىغا چىقتۇق. ساقچىلار بولسا دۇكانلارنىڭ، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدە قوراللىرىنى تەڭلەپ تۇراتتى. بىز ھەربىر دۇكاننىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىمىزدە دۇكاندارلار ئىشىكلىرىنى شارتتىدە چۈشۈرۈۋالاتتى. خەلق بولسا ئاغزىنى ئاچقىنىچە بىزگە قاراپ :«ۋاي ئاللاھ ۋاي ئاللاھ » دېيىشىپ تۇراتتى، لېكىن ھەر بىر بۆلۈك كىشىلەر ئالدىدىن ئۆتكىنىمىزدە بىزدىن قېچىپ يېنىمىزغا

كەلمەڭلار» دەيتتى. يولدىشىم توۋلىدى:«ھەي خەلق! مۇسۇلمانمۇ سىلەر! سىلەر مۇسۇلمان بولىدىغان بولساڭلار بۇ كاپىرلاردىن قورقماي، سىلەرنىڭ ۋە بىزنىڭ رەببىمىز بولغان ئاللاھ دىن قورقۇڭلار!» چوڭ يولدا ماشىنىلار توختىتىلغان بولۇپ، بىز بىر كىچىك يولۇچى بولكىۋاينى توستۇق-دە، ئىچىدىكى ئاياللارنى ئېلىپ قېلىپ، ئەرلەرنى چۈشۈرۈۋېتىپ شوپۇرغا ھەيدەشكە بۇيرۇق قىلدۇق. ماشىنا قوزغالدى. ماشىنىدىكى ئاياللار بىزگە يالۋۇرۇشقا باشلىدى. ئارىمىزدىكى بىر مۇجاھىد:«جىم، شەھىد بولىسىلەر» دېدى كەسكىنلىك بىلەن. ئۇ ئاياللار:«ياق، بىزگە شەھىدلىك كېرەك ئەمەس. ئۆزۈڭلار شەھىد بولۇۋېلىڭلار. بىزنى چۈشۈرۈۋېتىڭلار» دېدى. ئاخىرى مېنىڭ پۈت-قوللىرىمنى سىلاپ ماڭا يالۋۇرۇشقا باشلىدى. مەن قوپاللىق بىلەن ئېيتتىم:«جىم ئولتۇرۇڭلار شەھىد بولىسىلەر!» ئالدىمىزغا شۇنداق قارىغۇدەك بولساق، نەچچە تانكا بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇنىڭغا ئۇلگۇرۇپ ماشىنا بۇزۇلۇپ، توختاپ قالدى. بىز چۈشۈشكە مەجبۇر بولدۇق. ئەتراپىمىزدىكى توختىتىلغان بارلىق ماشىنىلار ئىشىك-دېرىزىلىرىنى يېپىپ شوپۇرلار باشلىرىنى تىقىۋالغان ئىدى. يان تەرەپكە قارىساق، يېقىنىدىكى ماي قاچىلاش پونكىتىدا شۇنداق چىرايلىق، ئاپئاق، يېپ-يېڭى ماشىنا مايلىرى قاچىلىنىپ مېڭىشقا تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ. بىز باردۇق-دە، ئىچىدىكى كىشىلەرنى چۈشۈرۈۋېتىپ ماشىنىغا چىقتۇق. يولدىشىم بالا بىلەن ماشىنىنىڭ ئالدىغا چىقىپ شوپۇرغا قورالنى تەڭلەپ ھەيدەشكە بۇيرىدى. قالغان تۆتىمىز ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا چىقتۇق، ماشىنا قوزغالدى يولدىشىمغا قارىسام شوپۇرغا ھەدەپ سىلىقلىق بىلەن ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ ياردەم سوراشقا باشلىدى. مەن دېدىم:«قاتتىقراق بولمامسىز؟ بىز يول بىلمەيمىز، بۇ بىزنى ئۇدۇل ساقچىخانىغا ئاپىرىپ قويمىسۇن يەنە» قالغان ئىككى مۇجاھىد بىر قولىدا بالا بىر قولىدا بومبا ئىدى. ناۋادا بومبىدىن قولى شۇنداق بوشاپ قالىدىكەن ھەممىمىز پارتلايتتۇق. بىز ئىككى ئايال ئۇ ئىككى مۇجاھىدقا يولدا ماڭغۇچە ئەسكەرتىپ تۇردۇق. بىز شۇ مېڭىشىمىزچە شەھەر چېگراسىدىكى قاراۋۇلخانىغا يېتىپ كەلدۇق. بىز مېڭىۋاتىمىز، بىز شۇنداق تاقاق يېنىغا يېقىنلاپ كېلىشىمىزگە ئۇلگۇرۇپ قاراۋۇلغا تېلېفون كەلدى، قاراۋۇل تېلېفوندىكى گەپلەرنى ئاڭلاپلا پوستقا تاقاقنى چۈشۈرۈشكە بۇيرۇدى. بۇنىڭغا ئۇلگۇرۇپ ماشىنىمىز ئۆتۈپ كەتتى. تاقاقمۇ چۈشۈرۈلدى. ئارقىمىزدىكى ماشىنىلار توختىتىپ قويۇلدى. بىز شۇ ماڭغىنىمىزچە سائەت 10 لارغا ئۇلگۇرۇپ كۆزلىگەن مەنزىلىمىزگە يېتىپ كەلدۇق. ماشىنىدىن چۈشتۇق. يولدىشىم شوپۇرغا پۇل تەڭلىدى. شوپۇر ئېيتتى:«مەن بىر ئاللاھ تىن باشقا ھېچنېمىدىن قورقمايمەن. مەن سىلەرنى سىلەردىن قورقۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگىنىم يوق. سىلەرنىڭ پۇلۇڭلارنىڭ ماڭا كېرىكى يوق. ماڭا پەقەت دۇئا قىلساڭلار كۇپايە. دەسلەپتە مەن سىلەرنى قانداق كىشىلەردۇر دەپ ئويلاپ مېنى ئۆلتۈرىۋېتەمدىكىن دېگەن» يولدىشىم ئېيتتى:«بىز دېگەن ئىسلام يولىدىكى مۇجاھىدلارمىز. بىز شەرىئەتنى ئۆزىمىزگە قانۇن قىلىپ ماڭغۇچى. ئۆزۈڭ كۆردۈڭ، بىز ھەر قاراڭغۇ جىلغىلاردىن، ئورمانلاردىن كېسىپ ئۆتتۇق. ناۋادا دۇنيا كىشىلىرى تەسەۋۋۇر قىلغاندەك تېرروررچى، بۇلاڭچى بولىدىغان بولساق سېنى شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈپ بۇ ماشىناڭنى ئولجا ئالالايتتۇق. لېكىن بىز ئۇنداق قىلمايمىز. بىزنىڭ مۇجاھىد بولىشىمىز مال-دۇنياغا ئىگە بولۇش ئەمەس. بەلكى خارلىنىۋاتقان دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى كاپىرلار زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇش» دېگىنىچە پۇلنى يەنە تەڭلىدى. لېكىن شوپۇر پۇلنى ئالغىلى ئۇنىماي دۇئا قىلىشىمىزنى ئېيتىپ يۈرۈپ كەتتى.

بىز بىر جۇپ ئەر-ئايال مۇجاھىدلارنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. ئايالى كەچ بولغىنىغا قارىماي ئالدىمىزغا بېلىق، سۈت، ھەرخىل سەي دېگەندەك نۇرغۇن نەرسىلەر بىلەن ئۇستەلنى تولدۇرۇۋەتتى. ھازىر ئۇ ئىشلارنى ئويلىسام ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە شۇنچىلىك ھەيران قالىمەنكى ئۇ چاغدىكى ساقچىلارنىڭ سانى 1000 غا يېتىپ قېلىشى مۇمكىن. ھەم ئۇلار تانكىلار بىلەن قورشاپ ئالغان. بىز

بولساق ئارانلا 3 ئەر، 2 ئايال، 3 كىچىك بالا. قولىمىزدا 2 تال بومبا بىرتال تاپانچا بىلەن شۇنچىۋالا چوڭ قورشاۋدىن مەيدىمىزنى تىك كۆتۈرۈپ دادىل قەدەم بىلەن ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ھەممىگە ئاڭلىتىپ ھەممىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىلدۇرۇپ قويۇپ ئىززىتىمىز بىلەن چىقىپ كەتتۇق. بۇ جەرياندا ئاياللارنىڭ بىرەر يېرىمىز ئېچىلىپ قالمىدى. بىرەر يېرىمىز زەخمىگىمۇ ئۇچرىمىدى. ھىجابلىرىمىز بىلەن كاپىرلار ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق. مەن بۇ ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىمدە بىز مۆمىنلەرگە بەرگەن ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئىشقىلىپ چىن قەلبىدىن «ئاللاھ» دېگەن كىشىنى ئاللاھ ئەزىز قىلسا قىلىدىكەن كاپىرلار ئالدىدا خارلاشتۇرۇپ قويمايدىكەن. ئەينى چاغدا نىيىتىمىزدە پەقەت شەھىد بولۇشلا بولغاچقا ئۆزىمىز بىلەن ھېچنېمە ئالمىغان ئىدۇق. ئۇيەردە ئۈچ ئائىلىنىڭ ئۆي سايمانلىرى، قىممەتلىك كىيىم كېچەك بۇيۇملىرىمىز ھەممىسى قېلىپ قالدى. ئاللاھ مانا بۇ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە نەرسىلىرىمىزنى ھەسسىلەپ تولدۇرۇپ بەردى. ئۆزۈمگىمۇ ۋەتەندىن بۇياققا ھىجرەت قىلىپ چىققىنىمغا ئىككى يىلچە بولۇپ قالدى. ئەلھەمدۇ لىللاھ.

ۋاھ... نېمىدېگەن ھايات-ماماتتار ئارىسىدىكى خەتەرلىك دەقىقىلەر ھە؟ مەن بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى پەقەت تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى بۇلاڭچى-قاراقچىلار ۋەقەلىكلىرىدىلا كۆرگەنمەن. لېكىن بۇ ئەمەلىيەتتىكى ۋەقەلىك بىلەن تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى ئۇ ۋەقەلىكلەر ئوتتۇرىسىدا ماھىيەت جەھەتتىن ئاسمان-زېمىندەك پەرقى بار دە؟ ناۋادا، شۇ مەيداندا مەن بولۇپ قالسامچۇ؟

شۇنداق قىلىپ روزا ئايلىرىمۇ ئاخىرلىشىشقا قاراپ ماڭدى. كۆڭلۈمدە ئاخىرقى 10 كۈندە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى ئويلاپ قالدىم. لېكىن شارائىت تولۇق بولمىسا، قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بۇ توغرىسىدا نامىزىمدا ئاللاھدىن تىلەپ دۇئا قىلىپ قويدۇم. بىر كۈنى ئەنسارى قىزلار كىرىپ بىزگە ئېيتتى:«دادام سىلەرنى ئېتىكاپتا ئولتۇرسۇن، بارلىق لازىمەتلىكلىرىنى بىز تەييارلاپ بېرىمىز، خىزمىتىنى ئۆزىمىز قىلىمىز» دەيدۇ. بىز ئېيتتۇق:«ئۆي شارائىتى ياخشى بولمىسا؟» ئەنسارى قىزلار:«بۇنىڭدىن ئەنسىرىمەڭلار» دېگىنىچە 4 قىز ئۆيدىكى كارىۋات، يۇك-تاقىلارنى ئۇياقتىن-بۇ ياققا يۆتكەپ، ئۆيلەرنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا پەردە بىلەن كىچىككىنە ئىككى خانە قۇردى. مەن ئاللاھنىڭ بىزگە مۇشۇنچىلىك بىر ئۆزگىچە ئىبادەت قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگىنىدىن تولىمۇ خوش بولدۇم. مەن قۇرئان كەرىم تەپسىرىدە «ئاللاھنىڭ بەندىگە قىلغان ئەڭ چوڭ نېمىتى، بەندىنى ئۆزىنىڭ تائەت-ئىبادىتىگە مۇيەسسەر قىلىشى» دېگەن مەزمۇنلارنى ئوقۇغان ئىدىم. ئاللاھ بۇ نېمەتكە بىزنى ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلغۇزمايلا ئىگە قىلدى. بىز شۇ كۈنى كېچىدىن باشلاپ ئېتىكاپقا ئولتۇرۇشنى باشلىۋەتتۇق. بىزنىڭ بىردىن-بىر قىلىدىغان ئىشىمىز، ئىبادەت قىلىشلا بولدى. ئەنسارلار ۋە ھېلىقى ئۆزبېك قىز بىزگە ھەرخىل تاماقلارنى ئىككى تەرەپتىن ئېتىپ كىرگۈزەتتى. داستىخانلىرىمىز ھەرخىل تاماق، مېۋە -چېۋە، ئۇششاق يېمەكلىك، خورما، ھەرخىل شەربەت، ھەرخىل سەيلەر بىلەن تولۇپ كېتەتتى. ئۇلار بۇ يېمەكلىكلەرنى پەردىنىڭ ئاستىدىن كىرگۈزۈپ بېرەتتى بىز بولساق تائاملىنىپ بولغاندىن كېيىن پەردىنىڭ ئاستىدىن چىقىرىپ بېرەتتۇق. دېمەك، ئاللاھ بىزنى مەريەم ئانىمىزنى ئىبادەتخانىسىدا قانداق ئوزۇقلاندۇرغان بولسا بىزنى شۇنداق ئوزۇقلاندۇرىۋاتاتتى. كىر-قاتلىرىمىزنى ئەنسارى قىزلار يۇيۇپ، دەزماللاپ كىرگۈزۈپ بېرەتتى. بىز پەقەت تاھارەت ئېلىش ئۈچۈنلا سىرتقا چىقاتتۇق. بىز ئېتىكاپتا ئولتۇرغان بۇ ۋاقىت تېخىمۇ مولچىلىققا تولدى. كۆڭلىمىز نېمىنى تارتىپ قالسا شۇ ھازىر بولاتتى. مەن شۇندىلا ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغان، مۆمىنلەرگە جەننەتتە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ۋە پەرىشتىلەردىن بولغان خىزمەتچىلىرىنى بۇ دۇنيادىلا كۆرگەندەك بولدۇم-دە، ئاستا-ئاستا ئاللاھ ھاياتىمدا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسلەشكە

باشلىدىم. مەن جاھىلىيەتتىن ئىسلامغا ھىدايەت قىلىندىم. بۇ ئاللاھنىڭ ئەڭ چوڭ نېمىتى. ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ئۆزىمنىڭ مۇھەببىتىمنى قەلبىمگە چوڭقۇر ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن بىرگە ماڭا ھەر تۈرلۈك سىناق، بېسىم ۋە پېقىرلىق يۈزلەندى. بۇمۇ ئاللاھنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان نېمىتى. ئاللاھ قەلبىمدىن مال-دۇنياغا قارىغۇلارچە ئىنتىلىشنى يوق قىلدى. بۇمۇ ئاللاھنىڭ چوڭ نېمەتلىرىدىن بىرسى. ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز ﷺ :«مېنى ياخشى كۆرگەن كىشىگە پېقىرلىق دەريا كەلكۈنىدىنمۇ بەكرەك يۈگۈرۈپ كېلىدۇ» دېگەن. شۇنداقتىمۇ مەن ئىسلام كەلتۈرگەن قىسقىغىنا بۇ 5 يىل داۋامىدا ئاللاھ ئالدىدا كۆپ خاتالىقلارنى سادىر قىلدىم. ئاللاھ يەنىلا مېنى تاشلىۋەتمەي مەن ئەڭ چىقىش يولىغا موھتاج بولغان ۋاقتىمدا ماڭا يەنە بىر بۈيۈك نېمىتىمنى يەنى- ھىجرەتنى ئاتا قىلدى. يەنە ھىجرەتنى ياۋروپالاشقان زېمىنغا ئەمەس، پەقەت ئىسلام خىزمىتى ئىشلىنىۋاتقان زېمىنغا ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. بۇلار ئاللاھنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان ئەڭ چوڭ نېمەتلىرىدىن. ئۇنداقتا ئىنسان ئانچە ھېس قىلىپ كەتمەيدىغان سان-ساناقسىز نېمەتلىرىچۇ؟ يەنە ئۇنداقتا مېنىڭ ئاللاھ ئالدىدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمچۇ؟ مەن شۇندىلا سەجدىگە يىقىلاتتىم:«ئەي رەببىم ئاللاھ! مەن نۇرغۇن گۇناھلارنى ئۈستۈمگە يۈكلىۋالغان ھالدا ساڭا يۈزلەندىم، سەن بولساڭ پۈتۈن رەھمىتىڭ بىلەن ماڭا يۈزلەندىڭ. ئەي ئاللاھ ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن ئاجىز ئىنسانلىق خۇسۇسىيىتىم بىلەن ئالدىڭدا نۇرغۇن گۇناھلارغا مۇپتىلا بولدۇم. ناۋادا سەن رەھمىتىڭنى پۈتۈن يىغىۋېلىپ مېنىڭ بۇ 20 نەچچە يىللىق ھاياتىمدىكى ئەمەللىرىمنى تارازىغا سالىدىغان بولساڭ، مەن پەقەت دوزاخقا ئوتۇن بولۇشقىلا مەھكۇم. ئەي ئاللاھ! ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن سېنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭ بارلىقىغا ساڭا ھەرگىزمۇ ئىبادەت قىلىپ بولالمايمەن ۋە رەھمەت يوللاپ بولالمايمەن. مەن ئالدىڭدا ساڭا ئۈستى-ئۈستىلەپ، ھەسسە-ھەسسىلەپ قەرزدار مەن. ئەي ئەزىز، كەرەملىك، ئۇلۇغ رەببىم، سەن ئەپۇنى ياخشى كۆرسەن، مېنى ئەپۇ قىلغىن، خاتالىقلىرىمنى يوققا چىقارغىن. ماڭا شەھىدلىك ئۆلۈمى ئاتا قىلغىن.»

ئېتىكاپىمۇ ئاياغلاشتى. بىز ئېتىكاپتىن جۇشقۇن روھى-كەيپىياتقا تولغان ھالدا چىقىپ ئۆيدىكىلەرنىڭ بىزنى مۇبارەكلىشى بىلەن سالاملاشتۇق.

روزا ھېيت كۈنى بىز ئۇچەيلەن بامدات نامازنى ئوقۇپ بولۇپ بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ جىممىدە ئولتۇرۇشتۇق. ئۇ ئىككىسى نېمىنى ئويلاۋاتقىنىنى بىلمەيمەن، لېكىن مەن ۋەتەندىكى روزى ھېيت كۈنلەرنى ئەسلىمەكتىمەن. ئەتىگەندە نامازدىن يېنىپ ئۆيلەرنى تازىلاپ، ئۈستەللەرگە ھەرخىل يېمەكلىكلەرنى تىزىپ بولۇپ ھېيتلىق كىيىملىرىمىزنى كىيىشىپ، ئائىلە ئەزالىرى بىر-بىرىمىزنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلەپ، سوۋغىلارنى بېرىشىپ چىقاتتۇق. پۈتۈن ئۆينىڭ ئىچى ھېيت قايىنام-تاشقىنلىقىغا چۆمەتتى. مانا مەن بۇ يىلقى روزى ھېيتنى ياقا يۇرتلاردا ئۆزۈم ئاڭلاپ، كۆرۈپ باقمىغان، تىلىنىمۇ تۈزۈك چۈشەنمەيدىغان يات كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە، تېخى تونۇشقىنىمغا ئەمدى نەچچە كۈن بولغان بىر ئۆزبېك، بىر ئۇيغۇر قىز بىلەن يالغۇز كۈتۈۋالدىم. بۇ كۈن ماڭا خۇشاللىق ئېلىپ كېلەرمۇ ياكى....؟

ئىشىكتىن ئەنسارى قىزلار ھېيتىمىزنى مۇبارەكلەپ چۇرقىراشقىنىچە كىرىپ كەلدى ۋە «ۋاي.... سىلەر تېخىچە ئولتۇرۇپسىلەرغۇ؟!» دېگىنىچە نەچچە خىل سەي بىلەن پولۇ ئېلىپ كىردى. بىز تاماقلاندۇق. ئەنسارى قىزلار بىر قۇر ماڭا ئاتاپ تىكىلگەن كۆينەكنى ئېلىپ كىرىپ ماڭا ھەدىيە قىلدى ۋە بىزنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. بىز خوشاللىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىردۇق. ئۆيگە كىرىپ قارىساق ئۆينىڭ ئوتتۇرىغا سېلىنغان داستىخان بىز ئۇچۇن تەييارلانغان يېمەكلىكلەر بىلەن تولۇپتۇ. بىز ئىمانلاشقاچ ئورۇۋقلاندۇق. ئەنسارى قىزلار بولسا بىز بىلەن بىللە ئولتۇرماستىن ئەتراپىمىزدا خىزمىتىمىزنى قىلىپ يۈرەتتى. تاماقتىن كېيىن دادىسى ۋە ئاكىلىرى نەچچە يۈز

سومدىن ھېيتلىق قىلسۇن دەپ كىرگۈزۈپتۇ. مانا ھازىر قولۇمدا ئۇلار ھېيتلىق سوۋغا قىلىپ بەرگەن پۇل، ئۇچامدا ئۇلار مەن ئۇچۇن تىكتۇرگەن كىيىم، كۆز چاناقلىرىم لىق ياش. مەن ئويلىنىشقا باشلىدىم. مەن بۇ ياقا يۇرتلاردا ۋەتەندىكىدىن ئارتۇق ھۆرمەت ۋە ئىززەتنى كۆرۈۋاتىمەن، پەقەت مەنلا ئەمەس، بۇ زېمىنغا ھىجرەت قىلىپ چىققان مەيلى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز، تاجىك، تاتار بولسۇن ۋە ياكى ئەرەب، ئىنگلىز، چېچەن بولسۇن ۋە ياكى باشقا مەن مىللىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلار بولسۇن ھەممىسى بىردەك مۇشۇنداق ئىززەت-ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ ياشاپ كەپتۇ. ئاللاھ بەنى ئىسرائىل قەۋمىنى ئاسماندىن بىۋاستە يېمەكلىكلەرنى چۈشۈرۈپ ئوزۇقلاندۇرغان بولسا، بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنى بۇ زېمىندىكى يەرلىك خەلق غەمخورلىقى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپتۇ. ئۇنداقتا بۇلارنىڭ بۇنداق ئىززەت-ھۆرمەتكە ئىگە بولىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ مەن يەنە شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، بۇنىڭ بىر دىن-بىر سەۋەبى بۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئىسلامى، ئىمانى ۋە بۇلارنىڭ ئاللاھ يولىدا جانلىرىنى تىكىپ ئېلىپ بېرىۋاتقان جىھادى. يەنە شۇنداق چۈشەنچىگە كەلدىمكى، كىمىكى ئۆز دىنىغا مۇستەھكەم بولماي، ئۆزىنى ئۇنىڭغا، بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ ئۆز ئىسلامىنى خارلايدىكەن، ئاللاھ ئۇنى خارلىققا يۈزلەندۈرىدىكەن. كىمىكى دۇنيالىقىدا ئاللاھ رىزالىقىنى، ئاللاھنى كۆزلىمەي مال-دۇنيانى كۆزلەيدىكەن، ئاللاھ ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزۈپ بېشىغا مال-دۇنيانى كېيگۈزۈپ قويىدىكەن. ئۇ شۇنىڭ بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە دۇنيا ھەلەكچىلىكىگە بەندە بولۇپ، ھەق ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ۋاقتى يەتمەي، دۇنيادىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئاخىرەتكە سەپەر قىلىدىكەن. كىمىكى پەقەت ئاللاھ رىزالىقىنى ئاللاھنىڭ ۋەسىلىغا يېتىشنى كۆزلەيدىكەن ئاللاھ ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزۈپ ئەزىز قىلىپ ئۆزىنىڭ ۋەسىلىغا يەتكۈزىدىغان يولغا سېلىپ قويىدىكەن. ئەلھەمدۇلىللاھ.

مەن شۇندىلا ئۆزۈمگە دېدىم:«ئاللاھ ساڭا شۇنچىۋالا نېمەتلەرنى ئاتا قىلىپ ئۆز ۋەسىلىغا يېتىدىغان يولغا باشلاپ قويدى. سەن ئاللاھنىڭ بۇ نېمەتلىرىنى ئەنە شۇ سەن بىلەن ۋەتەندە بىرگە ياشىغان، بىر سۆھبەتلىرىدە بولغان، بىرگە دەۋەتلەرگە قاتنىشىپ بىرگە ئىزدەنگەن، سەن ياخشى كۆرگەن قېرىنداشلىرىڭغا بايان ئەيلەپ ئۇلارنىڭ ھىجرەتنى ياۋروپالاشقان زېمىنلارغا قىلىپ تېخىمۇ ئېزىپ كېتىشنى توسمىساڭ، ئاللاھقا شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولماي قالىسەن.»

مەن قولۇمغا قەلەمنى ئالدىمدە ئەدەبىيات جەھەتتىكى سەۋىيەمنىڭ كەمچىللىكىگە قارىماي بۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشتىم.

ئەزىز قېرىنداشلىرىم! ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان ساپ ئەقلى كۆزۈڭلار بىلەن ئەتراپىڭلارغا نەزەر سېلىپ بېقىڭلار. پۈتكۈل دۇنيا كاپىرلىرى ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتىنى، ئەقلى-ئىقتىدارىنى، ئىقتىسادىنى، پەن-تېخنىكىسىنى مۇسۇلمانلارنى ۋە ئاللاھنىڭ بۈيۈك ئىسلام دىنىنى يوق قىلىش ئۈچۈن جەملەۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىر يوشۇرۇن سۆھبەتلىرى-ئاللاھنىڭ دىنىنى، سىز ۋە بىزلەرنى قانداق تۈنجۇقتۇرۇپ يوقىتىش ھەققىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. دۇنيا مۇسۇلمانلىرىدىن يالغۇز ياش ئەمەس بەلكى ياش بىلەن قان بىرلىكتە ئېقىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ياشىنىپ قالغان مۇسۇلمان بوۋا-مومىلىرىمىز كاپىرلار قامچىسىدا قامچىلىنىۋاتىدۇ. مۇسۇلمان ئاچا-سىڭىللىرىمىز مەينەت كاپىرلارنىڭ كۆڭۈل خاھىشىغا ئايلىنىپ ئاياغ-ئاستى قىلىنىۋاتىدۇ. مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىمىز بۇ دۇنياغا كۆز ئاچا-ئاچمايلا جەسەت ئازگاللىرىغا، خالالارغا تاشلىنىۋاتىدۇ. سىز، بىزلەر شوئار قىلىپ توۋلاپ يۈرگەن، لېكىن قەلبىمىزگە ئورۇنلاشمىغان بىر ھەدىسىمىز بار، «مۇسۇلمانلار بىر پۈتۈن بەدەنگە ئوخشايدۇ. بەدەننىڭ قايسى قىسمى زەخمى بولىدىكەن پۈتۈن بەدەن بىئارام بولىدۇ.»

ئۇنداقتا سىزگە سوئال؟ سىز «مەن ئەركەك» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ يۈرگەن ئەركەك سىز. بىراۋ ئۆيىڭىزگە باستۇرۇپ كىرىپ، خوتۇن بالىلىرىڭىزنى ئۇرۇپ-چېپىپ ئاياغ-ئاستى قىلىۋاتىدۇ، سىز بۇ ھالدا ھېچنېمىنى كۆرمەس، ئاڭلىماس بولۇپ كۆزىڭىزنى مەھكەم يۇمۇپ ئولتۇرامسىز ياكى

قولىڭىزغا قورال ئېلىپ ئىنتىقام ئېلىش جېڭىگە ئاتلىنامسىز؟ ياكى بىر تۈركۈم قەلەم بىلەن ئىسلام دۆلىتى قۇرغۇچىلارغا ئوخشاش قولىڭىزغا تىزدىن قەلەم بىلەن قەغەز ئالامسىز؟

ئەزىز قېرىنداشلىرىم! «جىھاد پەرز بولدى. جىھاد پەرز بولدى» دەپ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋەرمەيلى. ناۋادا بىز كۆزىمىزنى مەھكەم يۇمۇپ پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا يېقىندىن ئاۋاز قوشۇپ ئىدارىلىرىمىزدە پارتىيىنىڭ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا بىر كىشىلىك ھەسسىمىزنى قوشۇپ ئاغزىمىزغا سېلىنغان ئىككى توت تال سېغىزنى چايناپ يۈرسەك، بىزگە مەڭگۈ ھىجرەت پەرز بولمايدۇ. جىھادمۇ پەرز بولمايدۇ. كاپىرلاردىن زۇلۇممۇ كەلمەيدۇ. ئىسلامنىڭ خاراكتېرىنى، بىزنىڭ تەبىئىتىمىزنى ياخشى چۈشەنگەن كاپىرلار ھېلى ئۇنىڭ باھاسىنى ئاسمان-پەلەك ئۆستۈرۈپ، ھېلى باجنى كۆتۈرۈۋېتىپ، ھېلى ئىچكىرىدىن كاپىرلارنى پويىز-پويىزلاپ توشۇپ مەخپىي ھالدا ياخشى خىزمەت ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، دىيارىمىزدىكى ئىشسىزلىق نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋېتىپ بىزنى قورساق غېمىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىز بىر قولىمىزدا بۇ دۇنيالىقنى بىر قولىمىزدا ئاخىرەتلىكنى تۇتۇپ ماڭغۇچى چوڭلىرىمىزنىڭ ئىز-باسارلىرىدىن بولىمىز تېخى. ئۇلاردەك كېچىلەردە ئىبادەتلەرنى قىلىپ كۆپ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن شۇغۇللىنالىساقچۇ كۆپ ياخشى بولار ئىدى.

دىيارىمىزدا بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئېغىرچىلىق كەپتۇ دېسە، بەللىرىمىزنى يۇمشاق ساپاغا تىرەپ ئاغزىمىزدا توخۇ پاچىقىنى چىشلەپ، كۆزلىرىمىز تېلېۋىزوردىن ئۈزۈلمىگەن ھالدا «ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدىكەن، سىناق بېرىپتۇ، سەۋر قىلسۇن» دەپ سەۋرگە تەۋسىيە قىلىپ قويۇپ ئولتۇرىمىز. ئەلۋەتتە ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن قېرىنداشىمىزنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۆزىمىزنىڭ قىيىنچىلىقى بىلىپ ھەل قىلىشقا بىرلىكتە كۈچ چىقارساق، ئاللاھ تائالامۇ بىزنىڭ مۇشكۈلاتلىرىمىزنى ئاسان قىلار ئىدى ئەمەسمۇ؟

ئايالLIرىمىز بولساق «قەلبلىرىمىز قېتىپ كەتتى. ئىمانلىشىپ، ئېتىقادىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرىمىز» دەپ دەۋەت سورۇنلىرىمىزنى ئاشخانا، رېستوران، ساياھەت ئورۇنلىرىغا قۇرىمىز. ئۆيلىرىمىزدە تاماق ئۈستەللىرىمىزگە نەچچە يۈز يەھنىلىك نازۇ-نېمەتلەر چىقماي تۇرۇپ ئاغزىمىزدىن ئاللاھنىڭ كەلىمىسى چىقمايدۇ.

ئەرلىرىمىز بولساق، قاراماي ئاشخانىدىكى ئىپتارلىقتا ئېلىپ بېرىلغان دەۋەتلەرگە، نازۇ-نېمەتلەرگە رازى بولماي ئولتۇرۇشقان يېرىمىزدىن قوپۇپلا بىر قېتىملىق ئىپتار دەۋىتى ئۈچۈن تاكسى بولاپ سورۇنىمىزنى ئۆرۈمچىگە يۆتكەيمىز. ئۇنداقتا ئويلاپ باقايلى! ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈن دۇنياغا پەيغەمبەر بولغان رەسۇلىمىز ﷺ دەۋەت سورۇنلىرىنى بىزدەك ئاشخانا-رېستورانلارغا قۇرۇپتىكەنمۇ؟ ئېسىل تاماقنى ساھابىلار ھازىرلىمىغۇچە ئېغىزىدىن ئاللاھنىڭ كەلىمىلىرى چىقماي قاپتىمىكەن؟ مەككىدىكى تاماق ئۈستىلىدىكى تاماقلارنى ياراتماي ساھابىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ مەدىنىگە ئېسىل تاماقلىنىش ھىجرىتىگە ئاتلانغانمىكەن؟

ئەزىز قېرىنداشلىرىم! بىز ھەقىقى ئاللاھقا تەلپۈنگۈچى قەلبكە ئىگە بولىدىغان بولساق سورۇنلىرىمىزنى ئېسىل تاماق ئۈستەللىرىگە قۇرۇماي قاراماي، مايتاغ دىيارىدا ئۆزىگە پېقىرلىقنى ئىختىيار قىلغان ئاجىز، تەقۋا كىشىلەر ئۆيىگە قۇرغان بولاتتۇق. ھەم ئۇلارنى يېقىن دوست تۇتقان بولاتتۇق. پەيغەمبەر ﷺ «مېنى پېقىر، ئاجىز، كەمبەغەل كىشىلەر ئارىسىدىن تاپىسىلەر» دېگەن.

باش مەركىزى ئامېرىكا ئاق سارايىنىڭ ئۆدۈلىغا جايلاشقان بىر تۈركۈم قەلەم بىلەن خەلىپە قۇرغۇچىلار پەيغەمبىرىمىز ﷺ نىڭ «كاپىرلار بىلەن تۈتۈنى بىرلىشىپ قالغۇچى مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» دېگەن ھەدىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ «كاپىرلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاپ پىكرى قەلەم كۆرۈشى قىلىپ، ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلىشىمىز كېرەك» دېگەن ئەپچىلىگىنە ھۆكۈمنى چىقىرىپ بەردى. بۇ بىزگە مايدەك يېقىپ ساھابىلىرىمىز

تۇمەنمىڭلىغان سىناق ۋە جاپا-مۇشەققەتلەردە جانلىرىنى ئاتاپ تۇرۇپ قۇرغان ئىسلامى دۆلىتىنى يۇمشاق ساپاغا يۆلىنىپ، ئاغزىمىزنى مايلاپ ئولتۇرۇپ، پىكرى جىهادى قىلىشىپ قۇرماقچى بولۇشتۇق. ئەجەبا پەيغەمبەر ﷺ بىلالغا بۇيرۇپ «حي على الجهاد» دەپ پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنى جىهادقا چاقىرغاندا ساھابىلار قولىغا قەغەز-قەلەمنى ئېلىشقا تەييارلىنىپتىكەنمۇ.

«پۇلنى تامغا چاپلاش ھەدىستە يامان كۆرۈلىدىغان ئىشلار جۈملىسىدىن بايان قىلىنىۋاتسا «مۇباھ» دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپ بەردى. بۇ بىزنىڭ بەزى غەرەزلىرىمىزنى قاندۇرۇشلىرىمىزغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى-دە، بەس-بەس بىلەن «پۇلنى تامغا چاپلاش» مۇسابىقىسىگە چۈشۈپ بۇ مۇسابىقىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلار باشقىلار ئالدىدا كىبىرلىنىپ ئاللاھنىڭ مۆمىنلەرگە جەننەتتە ئاتا قىلىدىغان نازۇ-نېمەت، ئۆيلىرىنى بۇ دۇنيادىلا كۆرۈپ قەلبىدە قىلچە جەننەتكە قىزىقىش بولمىغان ھالەتتە ياشاپ كەتتۇق. ئەرلىرىمىز بولسا، ئاغزى-بۇرنى چېكىلىپ، يۈز-كۆزلىرى مايمۇندەك بويىلىپ، كىيىمسىز يۈرگەن دۇنيا «ھۆرلىرى»نى تولا كۆرۈپ كۆزلىرىنى پىشۇرۇپ ئاللاھنىڭ جەننەتتە مۆمىنلەرگە تەييارلىغان جەننەت ھۆرلىرىگە ئەسلا قىزىقىش يوق، ئېزىپ يۈرۈشۈپ كەتتۇق.

بىزلەرگە گۇناھتىن باشقىنى نېسىپ قىلمايدىغان كۇفرى زېمىنىدا قۇرام تاشتەك پېتىپ ياشاشتا ئىسلامى ئازادلىقى، ئىسلامى قېرىنداشلىرى شۇنچىلىك ئېھتىياجدا موھتاج بولۇپ تۇرغان بۇ مەزگىللەردە پۇل ئىسراپچىلىقىنى بىزگە «مۇباھ» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىدىغان يول باشچىلار نېمىدېگەن ئاقىل، نېمىدېگەن ئۇزاقنى كۆرەر ھە؟!

ئەزىز قېرىنداشلىرىم! بىز بىر ئولتۇرۇشىمىزدا بۇزۇپ-چېچىپ تۈزۈتىۋەتكەن پۇلىمىزنى بۇ يەردىكى بىر مۇجاھىد بىر ئىككى ئاي خەجلەپ ئىسلام جىھگى قىلىدىكەن. بىز بىر ئائىلە تامغا چاپلاپ تۈزۈتىۋەتكەن پۇل بۇ يەردىكى مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ بىر-ئىككى يىل كاپىرلارنى يوقىتىشقا مۇجاھىدلارغا ئوزۇق-قۇۋۋەت بولىدىكەن. ئەنە شۇ دىيارىمىزدىكى ئېھتىدارلىق، قەلبىگە ھىجرەتنى، جىهادنى پۈككەن، پەقەت بىز بۇزۇپ-چېچىپ بەقايىمىزنى قاندۇرۇۋاتقان پۇل سەۋەبلىك ھىجرەت قىلالمىغان نۇرغۇن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز جىهاد سېپىگە قوشۇلىدىكەن.

ئەلۋەتتە، دىيارىمىزدىكى ئاللاھ پەزىل كەرىمى بىلەن باي قىلغان قېرىنداشلىرىمىز ئېھتىسادىڭلارنى ئۆز قولۇڭلار بىلەن جەملەپ، دىيارىمىزدىكى خىزمەتلىرىدىن ئىستېپا بېرىپ ئۆزىنى دىن خىزمىتىگە ئاتىغان، كاپىر تۈرمىلىرىدە يېتىپ چىقىپ نازارەت ئاستىدا قېلىپ چىقىش يولى تاپالمىغان، ئېھتىساد سەۋەبىدىن ھىجرەتكە ئاتلىنالمايۋاتقان ئېھتىدارلىق قېرىنداشلىرىمىزنى ئىزلەپ-سوراپ، ئۇلارنى جىهاد مەيدانىغا ئەۋەتىشكە بىرلىككە كېلىشسەك، ئىسلام ئازادلىقى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپىمىزنى قوشقان بولار ئىدۇق ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا بىز جەنۇب تەرەپتىكى دېھقان مۇسۇلمانلىرىمىزچىلىكمۇ ئېھتىسادقا ئىگە ئەمەسمۇ؟

ئاياللار بۇزۇلسا ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۆيلەر ۋە شەھەرلەر ۋەيران بولىدۇ. ئاياللار كۈچىسە شەھەرلەرنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ. ئائىلىدە كىمە رولىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتىگۈچى ئاياللىرىمىز، ئىسلام ئازادلىقىنى كۆزلەپ ئۆزىمىزنىڭ ئايالىق ئەقىل-پاراسىتىمىزگە مۇناسىپ ئەرلىرىمىزگە توغرا دىنى تەكلىپ-پىكىرلەرنى بېرىپ، ئۇلارنى جىهاد مەيدانلىرىغا ئاتنىيالىساق نەقەدەر سالىھ ئايالىلاردىن، نەقەدەر ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان مۆمىنلەردىن بولۇپ قالار ئىدۇق- ھە؟

مەن بۇ زېمىندا شۇنداق بىر خەير-ئېھسانىنى ئاڭلىدىمكى، بىر قىز، قېرىندىشىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ نەچچە كۈن ئارامسىز بولۇپ قاپتۇ. ئاخىرى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن پەقەت ئۇ قېرىندىشىنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالارمىكىن دېگەننى ئۈمىد قىلىپ ئۆزىنىڭ بىر ئايلىق مائاشىنى قەغەزگە ئوراپ، تەسەللى بېرىپ يازغان خەتلىرىدىن ئۆزىنى بىلىپ قالماسلىقى

ئۈچۈن پۈچۈركىگا سول قولىنى ئىشلىتىپ «نامسىز خەت» قىلىپ ئەۋەتكىنىنى ئاڭلىدىم، بۇ ئىشنىڭ ئاشۇرۇلۇپ كەتمەي بايان قىلىنغانلىقىغا ئاللاھ گۇۋاھ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:«بەندىلەر ئۈچۈن ھەر سەھەردە ئىككى پەرىشتە چۈشۈپ بىرى: ئي ئاللاھ خەيرلىك ئىشلار ئۈچۈن خىراجەت قىلغۇچىلارنىڭ چىقىملىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگىن دەيدۇ. يەنە بىرى: ئي ئاللاھ بېخىللىغا تالاپەت ئاتا قىلغىن» دەيدۇ.

يەنە شۇنداق ئاللاھ ئاتا قىلغان قېرىنداشلىق مېھرىنى كۆردۈمكى بىر قېرىندىشىمىز مەجەزى يوق بولۇپ قالدى. يەنە بىر قېرىندىشىمىز كېچە سائەت 3:30 ئەتراپىدا كۆزلىرىدە لىق ئۇيقۇ ھالەتتە ئاغرىپ قالغان قېرىندىشىمىزنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، پۇتلىرىنى تۇتۇپ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

مانا مۇشۇنداق قېرىنداشلىرىم، بۇ يەردىكى ياخشىلىقلارنى بۇ مېنىڭ ئاددىي تىللىرىم، ئاجىز قوللىرىم بىلەن قانداقمۇ تۈگىتەي.

مەن بۇ زېمىنغا دەسلەپتە كەلگەندە بۇ قېرىنداشلار ماڭا:«بىز قۇرئان-ھەدىسنى ئاساس يېتەكچى قىلىپ ماڭغۇچىلارمىز» دېدى. مەن:«بىزمۇ شۇنداققۇ، بىزمۇ ئايرىۋەتكىنىمىز يوق» دەپ ئويلىدىم. مەن بۇلار بىلەن ياشاپ كۆرگەندىن كېيىن شۇنى چۈشەندىمكى بىز ۋەتەندە:«قۇرئان-ھەدىسنى تۇتۇپ ماڭىمىز» دېگىنىمىز بىلەن، پەقەت ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھۆكۈمەتكە قارشىلىق قىلمايدىغان، ئۆزىمىزنىڭ غەرەزلىرىمىزنى قاندۇرۇشقا توسالغۇ بولمايدىغان تەرەپىنىلا تۇتۇپ ماڭىدىكەنمىز. ناۋادا ھۆكۈمەتنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچۇرغۇدەك بولسا ئۇ ھۆكۈمەدىن دەرھال يۈز ئۆرۈپ، تەس كەلگەن قۇرئان ئايەت-ھەدىسلەرنى نەزەرىيە سۈپىتىدە كاللىمىزدا مەھكەم ساقلاپ ئەمەلىيىتىمىزگە چىقارمايدىكەنمىز. بۇ يەردىكىلەر بولسا ئۆزى شوئار توۋلاپ كېلىۋاتقان «قۇرئان-ھەدىس بىزنىڭ قانۇنىمىز» دېگەن سۆزىدە مەھكەم تۇرۇپ، ھەر بىر ھۆكۈملەرنى تاشلاپ قويماي ئەمەل قىلىپ ماڭىدىكەن. قىسقارتىپ ئېيتقاندا بۇلارنىڭ تەقۋالىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. باشقىنى دېمىسەكمۇ بۇلارنىڭ پەقەت ئىسلام دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەزىز ئىسسىق قېنىنى تىكىۋاتقىنىنىڭ ئۆزىلا بىزگە كۇپايە.

مەن ھىجرەت قىلىش ئارقىلىق شۇنداق بىر كەلىمىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىمكى ئۇ بولسىمۇ، «سەۋر قىلىش.» بۇ قانداقتۇر ئۆزىنىڭ ئىمانى، ئېتىقادى، ئەقىدىسىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىغا سەۋر قىلىش بولماستىن (بۇخىل سەۋر قىلىش دوزاخنى كۈتۈشلا بولىدىكەن خالاس) بەلكى، بىر قولىمىزدا قۇرئان-ھەدىسنى، بىر قولىمىزدا قورال-ياراقنى مۇستەھكەم تۇتۇپ مېڭىپ بۇ جەرياندا يەتكەن سىناق، ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىش، ئاللاھ تەلەپ قىلغان ۋە ياخشى كۆرگەن ئەمەللەرنى بىجىرىش ئۈستىدە «سەۋر قىلىش» بولىدىكەن.

تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە- دىيارىمىزدا بالىلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىگە، تەربىيىلىنىشىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىمىز. ئۇنداقتا سىز بالىڭىزنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدىكى بەختىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلەمسىز ياكى مەڭگۈلۈك ھاياتىدىكى ئورنىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلەمسىز؟

مەنمۇ بىر ئىلىم ئاشىقلىرىدىن بىرسى. مەن ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن شۇنداق بىرنەرسىنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، مەكتەپتە ئەلاچى ئوقۇغان، كۆپ بىلىم ئالغان كىشى ئەقىللىق بولماستىن بەلكى، ئاللاھ ئاتا قىلغان ساپ ئەقلىنى زايە قىلماستىن ئۆز ئورنىغا ئىشلىتەلەيدىغان كىشى ئەقىللىق ھېسابلىنىدىكەن. باشقىلىرى توغرا ئەقىدىنى ئاساس قىلىپ ئالغان بىلىملەر بىلەن

تولۇقلىنىدىكەن. سىزگە قىلىدىغان تەۋسىيەم «بالىڭىزنى ئەقىللىق قىلىمەن» دەيدىكەنسىز بالىڭىزنى، ئاتا-ئانىمىز مايمۇننى دەيدىغان مايمۇننىڭ مائارىپ، تەلىم-تەربىيىسىگە تاشلاپ بەرمەڭ. تېلېۋىزوردىكى ئادەمسىمان ئېيىقلارنىڭ تەلىم-تەربىيىسىگە قويۇپ بەرمەڭ. دىيارىمىزدىكى ئاياللار ئالدىمىز چوڭ ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن، ئارقىمىز تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن. ئويناۋاتقان چايلىرىمىزنى توختىتىپ پىلان تۈزۈپ، مەكتەپتە ئېرىشىشكە تېگىشلىك بىلىملەرنى نېمىشقا ئۆزىمىز بەرمەيمىز. ئاغزىمىزدا:«ئايال كىشىنىڭ ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيىتى پەرزەنتلىرىنى ئىسلام بويىچە تەربىيىلەش» دېگەن ياڭراق شوئار بارغۇ؟ بۇ شوئارىمىز نېمىشقا ئەمەلىيىتىمىزدە كۆرۈلمەيدۇ؟ قىيامەت كۈنى ھەر بىر ئىنسان ئۆز تەۋەلىكى، مەجبۇرىيىتى ئۈستىدىن ھېساب بېرىدۇ. بالىڭىزنىڭ پاك، بىغۇبار، ساپ ئەقلىنى بۇلغاش ئۈچۈن مايمۇن تەربىيىسىگە تاشلاپ بەرگىنىڭىز، سىزنىڭ بالىڭىزنى ئىسلام بويىچە تەربىيىلىگىنىڭىزمۇ؟ ئۇنداقتا ئاللاھ ئالدىدا بۇ بالىڭىز ئۈستىدىن جاۋاب بېرەلەمسىز؟ ئۇنداقتا ئايالىنى كېچە-كۈندۈزلەردە يالغۇز نامەھرەملەر بىلەن ئىشلەشكە ئەۋەتىپ قويۇپ ئايالى تاپقان پۇلنى خەجلەپ، ئۆيدە خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان ئەرلىرىمىز، قىيامەتتە ئايالىڭلار ئۈستىدىن جاۋاب بېرەلەمسىلەر؟ ياكى «ئۇ جاۋابكارلىق كۈنلىرى كەلمەيدۇ، ئايالىمىز ئۈستىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايمىز، ياشىۋالغىنىمىز قالىدۇ» دەپ ئويلامسىلەر؟

بىلىمەن، بىز تەرەپتە ئۆزىمىزگە تەس كېلىدىغان قانداق بىر ئىسلامى ئۇقۇم ۋە ھۆكۈملەر يېتىپ كەلسە، بىزنىڭ بۇ نەچچە ئون يىللىق مائارىپدا تەلىم ئېلىپ پەلسەپەگە ماھىر بولۇپ كەتكەن ئەقلىمىز خىزمەتكە كىرىشىپ، دەرھال ئۆزىمىزگە خوش ياقىدىغان ھۆكۈمدىن بىرىنى ئىشلەپ چىقىرىمىز-دە، ئۇنى ئۆز پەلسەپىلىرىمىز ئارىسىغا ئېلىپ چۈشەندۈرىمىز. ھۆكۈمنىڭ ئالدىغا غەرىزىمىزنى قاندۇرۇشنى ئاساس قىلىپ قويىمىز. پەلسەپە ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھېچنېمىگە يارىمايدۇ. شۇنى سىزگە ئەسكەرتىپ قويايكى- سىز قارشى پەلسەپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى يالغۇز ئۆيگە كىرىپ ئاللاھقا پۈتۈن يۈزلىنىپ، قولىڭىزنى يۈرىكىڭىزگە سېلىپ تۇرۇپ ئۆزىڭىزگە مۇنداق سوئاللارنى قويۇپ بېقىڭ:

سىز ئاخىرەتتە ئاۋۋال دوزاخنى ساياھەت قىلىپ ئاندىن جەننەتكە كىرگۈچى مۇسۇلمان بولۇشنى خالامسىز، ياكى ئاللاھ يولىدا خىزمەت كۆرسىتىپ، گۇناھلىرىڭىزدىن پاكلىنىپ، ئۇدۇل جەننەتكە كىرىشنى خالامسىز؟

قېنى ئەرمەن دېگەن مۆمىن!
جىھاد مەيدانىغا كەلسۇن.
ئوقۇپ ئۆتكەن كىتابىغا،
ئەمەل قىلىشنىمۇ بىلسۇن.
رەسۇل ئەكرەم يولىنىڭ،
چوققىسىغا ئىنتىلسۇن.
ياراتقان زات بۇيرۇغان دەپ،
ئۆز ۋاجىپاتىنى بىلسۇن.
سەلەپ-سالىھلىرىمىز،
كىتاب-سۈننەتنى تۇتقان.
ئايىماستىن شۇ يول ئۈچۈن،
پۈتۈن ھايات بېغىشلىغان.
ئىبادەتنى قىلىپ تىنماي،
كېچە كۈندۈز تىرىشقان.

قىلىپ ئاللاھقا بەندىلىك،
ئادەمگە قۇل بولمىغان.
قېنى ئەرمەن دېگەن مۆمىن،
ئەمەل مەيدانىغا كەلسۇن.
يىراق بولۇش جەڭلەردىن،
ئۈزۈن قىلماس ھاياتىڭنى.
ئۇستۇڭگە ياغسىمۇ ئوقلار،
ئالدىراتماس ۋاپاتىڭنى.
ئەجەل ئالدىن پۈتۈلگەندۇر،
قۇلاق سالماس كەلسە زارىڭغا.
بولۇپ نەپسىڭ پىكرىدىلا،
ئۇنۇتما ۋاجىپاتىڭنى .
قېنى ئەر مەن دېگەن مۆمىن،
سىناق مەيدانىغا كەلسۇن.
ئېلىپ پىستىرما ھەر جايدىن،
كاپىر قوشۇنىنى جايلاپ.
تۇرار قانچە مۇددەتلەر،
كېلەر ئۆلجىسىنى پايلاپ.
قېنى ئەرمەن دېگەن مۆمىن،
ھۇجۇم مەيدانىغا كەلسۇن.

مەن سىلەرگە بۇ زېمىندىكى ئاتا-ئانىلىرى شەھىد بولۇپ كەتكەن ياكى ۋەتەندە دادىلىرى تۇتۇلۇپ كېتىپ ئانىلىرى مۇجاھىدلارغا قوشۇلۇپ جىھادى ئورۇنلاردا مۇستەھكەم تۇرۇۋاتقان ۋە بۇ يەردىكى مۇجاھىد ئەر-ئاياللارنىڭ مەدرىسىدە بىلىم ئېلىۋاتقان پەرزەنتلىرىنىڭ قەلب سۆزلىرى ئېلىنغان بىر قاپ ئۇنىئالغۇ لېنتىسىنى سوۋغا سۈپىتىدە سىزگە ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، تۆۋەندە ئۈچ خىل ئۆلۈم مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن بايانلارنى جامائەتىمىز تەرىپىدىن چىقىرىلغان گېزىتتىن ئېلىپ ئوقۇغۇشىڭلارغا سۇندۇم.

## ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ

ئاللاھ يولىدىكى مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىپ، ئاللاھنى رەببىم، ئىسلامنى دىنىم، مۇھەممەد ﷺ نى پەيغەمبىرىم دەپ رازى بولۇپ ياشاپ يۈرگەن ئەزىز ۋە مۆھتەرەم بۇرادەرلىرىم! بىز سىلەرگە تونۇشتۇرماقچى بولغان تۆۋەندىكى بىر قىسسىدە خۇددى سىلەرگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئالى قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ يولىغا ئاتاپ تاكى ئاخىرقى نەپسىگىچە پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدى-پەرمانىغا سادىق تۇرۇپ ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ سادىق بەندىسى، ئاللاھنىڭ كىتابىدا ۋە رەسۇلىمىز ﷺ نىڭ ھەدىسلىرىدە ماختالغان ئەزىزلىك ئۆلۈمى شاھادەت بىلەن نېمەتلەنگەن بىر مۇجاھىد بۇرادىرىمىزنىڭ شاھادەت مەنزىرىسىنى بايان قىلىپ بېرىشكە تىرىشتۇق. بۇ قىسسىنى ئاللاھنىڭ يولىنى ئىختىيار قىلىپ يۈرگەن بۇ ۋەقەگە ئۆزى گۇۋاھ بولغان، بۇ يولغا ئاتلانغىلى تېخى نەچچە ئاي بولمىغان باشقا بۇرادىرىمىزنىڭ تىلىدىن يېزىپ قالدۇردۇق.
بۇ ۋەقەدىكى بۇرادىرىمىزنىڭ شاھادەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەشتىن بولغان ئاساسى مەقسىتىمىز، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ يۈرگەن سىلەرگە ئوخشاش بۇرادەرلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ

زىيادە بولىشىنى خالىغانلىقىمىز ئۈچۈندۇر. ھەممىدە قەلبلىرىمىزدىكى ئاللاھ دىن باشقىغا بەندىچىلىك قىلماسلىق نىيىتىمىزنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىمىزدىن. خاتالىقىمىزنى ئۆز نەپسىمىزدىن دەپ بىلىمىز ۋە ئىستىغپار ئېيتىمىز. توغرا بايان قىلغان بولساق ئاللاھ دىن دەپ بىلىمىز ۋە ئۇزاتقا ھەمدۇ-سانالارنى يوللايمىز.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاللاھنىڭ يولىدا جەڭ قىلىپ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان سەلىبىي (يەھۇدىي، ناسارالار) قوشۇنلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىپ ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى پارچىلاپ، قەلبلىرىگە قورقۇنچ سېلىپ، ئۈيقۇ-ئارامىلىرىنى قاچۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، زەخمىلەندۈرۈپ يۈرگەن مۇجاھىد قوشۇنلىرىدىن بىرىگە قوشۇلۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇرۇن مەن بۇ مۇجاھىدلارنىڭ قىلغان جەڭلىرى ۋە جەڭلەردىكى باتۇرلۇقلىرى، كاپىرلارغا يەتكۈزۈۋاتقان تالاپەتلىرى ھەققىدىكى قىسسىلەرنى ئۇيەر-بۇيەرلەردىن ئاڭلاپ خۇرسەن بولۇپ، روھلىنىپ يۈرەتتىم.

ئاللاھ يولىدىكى بۇنداق مۇجاھىدلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە جاسارەتلىك ئىكەنلىكى، دۈشمەنلەرنىڭ مەركەزلىرىگە قورقماستىن باستۇرۇپ كىرىپ، كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ، زەخمىلەندۈرۈپ، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، چېپىپ تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقلىرى ۋە بۇ مۇجاھىدلارنىڭ سانىنىڭ ئاز بولىشىغا قارىماي ئۇلاردىن كۆپ ئۈستۈن بولغان كاپىر قوشۇنلىرىنىڭ بۇلارغا كۈچى يەتمەيۋاتقانلىقى ئۈستى-ئۈستىلەپ كاپىرلار بۇ مۇجاھىدلاردىن قورقۇپ ياشاۋاتقانلىقى ھەققىدىكى قىسسىلەرنى ئاڭلاپ مېنىڭ قەلبىمدە ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىۋاتقان شۇنداق مۇجاھىدلاردىن بىرى بولۇشقا ئىنتىلىش پەيدا بولدى.

بۇ ئىنتىلىش كۆپ ئۆتمەي نىيەتكە ئايلاندى. نىيىتىم قارارغا ئايلاندى. دىنىي ئۇستازىمدىن ئاڭلىشىمچە:«ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، تەۋبە قىلغانلارنى ھىدايەت قىلىدۇ» (رەئد سۈرىسى 27-ئايەت) دېگەن ئايەت كەرىمىگە مۇۋاپىق ھىجرەتكە ئاتلاندىم، گەرچە ئۇ مۇجاھىدلارنىڭ جايلىرى ۋە مەركەزلىرىنى بىلمىسەممۇ ئۇلار جايلاشقان جايغا، ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرى كېلىپ تۇرىدىغان تەرەپكە يول ئالدىم. ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىپ، ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنى ھەق تاپتىم. يەنە مۇجاھىدلارنىڭ جايلىرىنى تېپىپ كېلىپ قوشۇلدۇم. مەن ئويلىغاندىنمۇ ئاسان قوشۇلدۇم. ئاللاھ نېسىپ قىلغان ئىكەن مەن كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى مۇجاھىدلار كاپىرلار ئۈستىگە نۆۋەتتىكى ھۇجۇمغا تەييارلىق كۆرۈۋاتقان ئىكەن. بۇرۇن مەن قىسسىلىرىنى ئاڭلاپ يۈرگەن مۇجاھىدلارغا بىرلەشكەنلىكىمگە بىر تەرەپتىن ھەممىدە ئېيتسام، يەنە بىر تەرەپتىن بۇنچىلىك ئاسان كەلگەنلىكىم ئۈچۈن ئىشەنگۈم كەلمەيتتى.

بۇلار دەل ئاشۇلار ئىكەن. مەن ئاڭلاپ يۈرگەن شىر يۈرەك مۇجاھىدلار... ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەندىن ياشلىرىمۇ بار. كۆرۈنىشتىن خېلى ياشىنىپ قالغان، بۇ يېشىدا ئىسسىق ئۆيىدە پەرزەنت، نەۋرىلىرى يېنىدا ئولتۇرسا بولىدىغان ئاق ساقاللارنىمۇ كۆردۈم.

شۇنداق، ئاللاھنىڭ جامالىنى ئىزدەش ۋە شاھادەتكە ئاشىق بولۇش ياش تاللىماس ئىكەن. ئۇلار مەن بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن مېنىڭ جىھاد ئۈچۈن كەلگىنىمگە ئىشىنىپ ئۆزلىرىنىڭ يېنىدىكى قوراللاردىن بىرىنى بېرىشتى ۋە «قېنى، جەڭگە تەييارلان. بەختىڭ بارئىكەن، ئەينەن جىھادقا يېتىپ كەپسەن، بۇنداق تەلەي ھەركىمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ» دېدى، ئۇلاردىن بىرى. بۇ گەپ ماڭا قۇۋۋەت بېغىشلىدى. مەن بۇرۇن ھەربىي تەلىم ئالغانلىقىم ئۈچۈن قورالدىن پايدىلىنىشنى بىلەتتىم. شۇ سەۋەبتىن جىھادقا روھى جەھەتتىن تەييارلىنىشنى باشلىدىم. دېگەندەك مەنمۇ ئاللاھ يولىدىكى جەڭگە كىرسەم ۋەتەندىكى ئۇستازىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسىدىن كەلتۈرۈپ ئېيتقان:«كىمكى ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ

بولىدۇ» دېگەن ھەدىس شەرىپتە كۆرسىتىلگەندەك مېنىڭ بۇنداق ئۇلۇغ جىھاد ئىبادىتىگە ئېرىشكىنىمگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى، الحمد لله.

جەڭ ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى. قارار گاھىدىن دۈشمەن تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتۇق. كۆز ئاخىرلىشىپ قىش باشلىناي دەپ قالغان ۋاقىت ئىدى. ھاۋا سوغۇق، تاغلىق رايون بولغانلىقى ئۈچۈن بىر ئاز سوغۇق شامال چىقىپ تۇراتتى. ھۇجۇم يېرىم كېچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە يولغا چىقتۇق. ئاي يوقلىقى سەۋەبلىك كېچە تۈن قاراڭغۇسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسماننى قاپلاپ تۇرغان بۇلۇتلار كېچە زۇلمىتىگە زۇلمەت قوشۇپ تۇراتتى. جەڭگە كېتىۋاتقان مۇجاھىدلار ئىچىدە ئابدۇللاھ ئىسىملىك ياش بىر يىگىتمۇ بار ئىدى. بۇ كۆرۈنۈشتە مەندىن ياش بولىشىغا قارىماي خېلى جاسارەتلىك يىگىتكە ئوخشايتتى.

ئابدۇللاھنى كۆپىنچە قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان ياكى قۇرئان تەپسىرى ئوقۇۋاتقان ھالەتتە كۆرەتتىم. مەن بار-يوقى ئىككى كۈن بۇ مۇجاھىدلار بىلەن تۇرغانلىقىم ئۈچۈن ئابدۇللاھنىمۇ ۋە باشقا مۇجاھىدلارنىمۇ ياخشى تونۇماس ئىدىم. ئابدۇللاھ تېخى ساقىلى چىقمىغان، ئاپئاق چىرايلىق يىگىت ئىدى. ئۇنى پەقەت شۇنچىلىك تونۇدۇم.

مەن يېڭى كەلگەنلىكىم ئۈچۈن قاراڭغۇ تاغدا قىيىنلىپ قالدىم. ئابدۇللاھ مېنىڭ قولۇمدىكى قورالنى ئېلىپ كۆتۈرۈپ ياردەملىشىپ يۈرۈپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ دۈشمەنگە يېقىنلىشىپ قالدۇق. جەڭ قوماندانى مېنى ۋە بىر نەچچە كىشىنى ئۇ جايدىكى بىر ماشىنا يولىنىڭ ئالدىدىكى جايىدا، مۇجاھىدلارنىڭ ئارقا تەرىپىنى ھىمايە قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن قالدۇردى. قالغان مۇجاھىدلار بىلەن ئالدىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مەن ئۇلار بىلەن بىرگە بېرىپ دۈشمەننىڭ قەلبىگە ھۇجۇم قىلالمىغانلىقىمغا ئېچىندىم... لېكىن «بۇ يەردە تۇرۇشمۇ جىھادقۇ» دەپ ئۆزۈمنى بەزلەپ ئولتۇرۇپ قالدىم. ئارىدىن بىر سائەت ئۆتە-ئۆتمەي مۇجاھىدلار كەتكەن تەرەپتىن قاتتىق گۈمبۈرلىگەن ۋە تاتىلداپ ئېتىلىۋاتقان ئوقلار ئاۋازىنى ئاڭلاشقا باشلىدىم.

ھە... جەڭ باشلاندى. شىددەتلىك جەڭ بولۇۋېتىپتۇ. كاپىرلارمۇ ئوقلىرىنى ئايىماي ئېتىشىۋېتىپتۇ. جان بېرىپ، جان ئېلىنىدىغان رەھىمسىز جەڭ بولۇۋېتىپتۇ. ئاسماننى يورۇتۇپ ھەر تەرەپكە چوغقا ئوخشاش قىپقىزىل ئوقلار ئۇچۇۋاتاتتى. ئەنە... دۈشمەن تەرەپتە بىر چوڭ نەرسە پارتلاپ... ئوت يېنىشقا باشلىدى. « ئاللاھۇ ئەكبەر!!!» خۇرسەنلىكىمدىن ئۇ تەرەپكە چاپقۇم كېلىۋاتاتتى. شۇ پەيتتە مەن تۇرغان گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى «ھوشيار بولۇپ تەييار تۇرۇڭلار. ھازىر بۇ يولدىن كاپىرلارغا ياردەمچى كۈچ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن» دەپ قالدى. سەل ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن قاراشقا باشلىدىم. شۇ ھالەتتە جەڭ بىر سائەتچە داۋام ئەتتى. مۇجاھىدلار بىر-بىرلەپ قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. ئاۋۋال يېتىپ كەلگەن مۇجاھىدلار ئۆزلىرىدە بار خۇرسەنلىك بىلەن جەڭدە بولغان ۋەقەلىكلەرنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى:«ئۈچ چوڭ ماشىنىنى ۋە ئىككى يەڭگىل تىپتىكى ماشىنىنى پارتلىتىۋەتتۇق» دېدى. ئۇلاردىن بىرى. «توپ زەمبىرەكنىمۇ پارتلىتىۋەتتۇق» دېدى يەنە بىرى. «ئارقا تەرەپتىكى ئىككى تەرەپتە چىرايلىق ئۆي بار ئىدىغۇ، شۇنىمۇ پارتلاتتۇق» دېدى، خۇرسەن بولۇپ يەنە بىرسى. يەنە ئۆزى بىلەن غەنىيمەت قىلىپ ئېلىپ كەلگەن قوراللارنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. «نەچچىسى ئۆلدى» دەپ سوراپ قالدى بىراۋ.

«توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچى، مەن تاشقىرىدا ئون سەككىزنى ساناندىم. ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە... يەنە نەچچىسى ئۆلگىنىنى ئاللاھ بىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى يېشى چوڭ بىر مۇجاھىد. «بىزدىن شەھىدلەر يوقمۇ؟» سورىدى بىراۋ. «ھازىرچە يوق ئەگەر ئابدۇللاھ شەھىد بولمىغان بولسا... ئۇنىڭ بىلەن ئەخمەتمۇ يارىدار ئىدى. ئەخمەتقۇ ئانچە ئېغىر ئەمەس. ئابدۇللاھقا كۆپ ئوق تەگكەن » ئاستا سۆزلىدى يەنە بىراۋ.

ئابدۇللاھ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ كەتتى. بەلكىم مەن بىلەن بىللە كەلگەن دائىم كۈلۈپ تۇرىدىغان ئاشۇ 17-18 ياش ئەتراپىدىكى چىرايلىق يىگىتتۇر، بەلكى ئۇ ئەمەستۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى ئابدۇللاھ بار ئىدى. «قايسى ئابدۇللاھ؟» دەپ سورىماقچى بولدۇم-يۇ ئۆزۈمنىڭ خىيالىغا كەلگەن يامان پىكىرنىڭ راستقا چىقىپ قېلىشىدىن قورقۇپ سورىمىدىم.

ئەنە كېلىپ قېلىشتى، «سىلەر ياردەم قىلىڭلار» دېدى ۋە بىزنىڭ گۇرۇپپىنى ياردەمگە ئەۋەتتى. بىز بىر ئاز ئالدىغا باردۇق-دە بىر ياردارنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىۋاتقان مۇجاھىدلاردىن ياردارنى ئالدۇق. گۇمانىم توغرا چىقتى. ياردار بولۇپ ھوشىنى بىلمەي ياتقان ياش يىگىت ئابدۇللاھ ئىدى. ئەجەبا تېخى بىر-ئىككى سائەت ئىلگىرىلا چاقچاقلىشىپ مۇشۇ يەرگىچە كەلگەن ئىدۇق. ئەمدى بولسا نەچچە يېرىگە ئوق تېگىپ ھالسىز ئېغىر نەپەس ئېلىپ يېتىپتۇ.

ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا كۆپ ئوق تەگكەن ئىدى. ئوڭ پۇتىغا ئىككى تال ئوق، سول پۇتىغا بىر تال ئوق، قولىغىمۇ بىرتال ئوق تەگكەن بولۇپ، قورسىقىدىمۇ بىرنەچچە تال ئوق ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. يەنە بىرتال ئوق ئوڭ يۈزىدىن كىرىپ سول يۈزىدىن چىقىپ كەتكەن بولۇپ، شۇنچە جاراھەت بولىشىغا قارىماي ئۇ ھېلىغىچە تىرىك ئىدى.

بىز ئابدۇللاھنى كۆتۈرۈپ 15-20 مىنۇت ئەتراپىدا يۈرگەندىن كېيىن بىر دەرەخ زارلىقىغا كېلىپ توختىدۇق. جەڭ قوماندانى ئېيتتى:«بولدى ئۇنى شۇيەرگە قويۇڭلار، ھەممەيلەن كەلدىمۇ؟ ئەخمەتنىڭ ھالى ياخشىمۇ؟»

«مانا ئولتۇرۇپتۇ، ئەلھەمدۇلىللاھ قان ئېقىش توختىدى»-دەپ جاۋاب بەردى بىرسى.

نۇرۇللا، ئارقىدا ھېچكىم قالمىدىمۇ؟-دەپ سورىدى ئەمىر، ئەمدىگىنە كېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان بىر مۇجاھىددىن. «ھېچكىم قالمىدى، ھەممىسى كەلدى»-دېدى ئۇ مۇجاھىد. «ئىنشائاللاھ ھازىر بۇ يەرگە ماشىنا كېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ»-دېدى ئەمىر ۋە ئالدىدىكى مۇجاھىدلاردىن بىرىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ «مەخمۇت سەن بەش مۇجاھىدنى ئېلىپ دۈشمەن تەرەپكە بېرىپ ئۇ تەرەپنى كۆزىتىپ ئولتۇر، ماشىنا كەلگەندە قايتىسەن»-دېدى. يەنە بىرنەچچە مۇجاھىدلار تۇرۇپ كېتىشتى.

«ئەلھەمدۇلىللاھ، كاپىرلارغا ياردەم كۈچ كەلمىدى»-دېدى شۈكۈر قىلغان بولۇپ بىر مۇجاھىد. گۇرۇھ ئىچىدىكى يېشى چوڭراق بىر ئاق ساقال مۇجاھىد ئۇنىڭ گېپىنى ئەستىنقلاپ دېدى:«ئۇلار سىلەرگە ئازار بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق زىيان زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر سىلەر بىلەن ئۇرۇشسا، سىلەرگە ئارقىسىنى قىلىپ قاچىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ.» (ئال ئىمران سۈرىسى 111-ئايەت)

بۇ ئاللاھنىڭ سۆزى. ئاللاھ راست سۆزلىگۈچىدۇر، كۆردۈڭلارغۇ ئۇلار قانچە تېز قېچىپ كېتىشتى.»

ئۇلار ئۆز-ئارا سۆھبەتلەشتى مەن ۋە يەنە ئىككى مۇجاھىد بىللە ئابدۇللاھقا قاراپ ئولتۇراتتۇق. ئاستا «ئابدۇللاھ، ئابدۇللاھ قانداق بۇرادرىم؟» دەپ سورىدىم. ئۇ جاۋاب قايتۇرالمىدى، پەقەت كۆزلىرىنى سەل-پەل ئاچتى-دە، يەنە يۇمۇۋالدى.

ھەي.... ئۇنىڭغا قىيىن، ئۇنىڭغا كۆپ ئوق تەگكەن .... مەيلى ئۇنى قىينىماي دەپ يۈزىدىن ئېقىپ چىققان قاننى ئاستا ئېيتىشقا باشلىدىم. شۇ پەيتتە يېنىمىزدا ئولتۇرغان ئاق ساقال مۇجاھىد... «دوختۇرغا يەتكۈزىۋالساق بەلكىم ھايات قالار ئىدى!» دېدى ئۈمىد قىلىپ پەس ئاۋازدا. ھايات قېلىشى قانداق بولاركىن، «ئىككى تال ئوق جىگەرگە تېگىپتۇ.... قىيىن » دېدى يەنە بىر مۇجاھىد ئاستا. بۇ مۇجاھىدنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا ئابدۇللاھنىڭ يېنىدا تۇرغان مۇجاھىد «ھەي كېلىڭلار، كېلىڭلار! بۇ شەھىد بولۇۋېتىپتۇ، شەھىد بولۇۋېتىپتۇ، شاھادەت كەلىمىسىنى تەكرارلايلى» ئالدىمىزدىكى ئاق ساقال مۇجاھىد ۋە يەنە بىر نەچچە كىشى ئەتراپىنى ئورىۋېلىشتى.

«ھە، شەھىد بولۇۋېتىپتۇ، ئەنە قولىغا قاراڭلار» دېدى قېرى مۇجاھىد يىغلامسىراپ تۇرۇپ شاھادەت كەلىمىسىنى تەكرارلىغاچ.

مېنىڭ كۆزۈمدىن ياشلار ئەگىشكە باشلىدى. شۇ ھالىتىمدە ئابدۇللاھقا قاراشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئاستا كۆتۈرىلىپ كۆزلىرى ئاستا ئېچىلىۋاتاتتى. مېنىڭ كۆزلىرىمدىن ياشلار ھېلىغىچە توختىماستىن ئەكسىچە كۆپىيىپ ئېقىشقا باشلىدى. ئەپسۇس، بىزنىڭ قولىمىزدىن ھېچنېمە كەلمىسە، شۇنچە ئادەم توپلىشىپ تۇرۇپتىمىز؟! ئەپسۇس، ياشقىنا بولغان بۇرادىرىمىزنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش قولىمىزدىن كەلمىسە. ھەي... شۇنچە ئاجىز بولساق، ھېچبىر چارىسى يوقمۇ؟! ھەممىمىز قېتىپ قالغانچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپتىمىز، بىرەر ئامال تېپىشىمىز كېرەكتىغۇ....

ئىچ-ئىچىمدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان بۇ ئەلەملىك سۆزلەرنى تېشىمغا چىقارماسلىق ئۈچۈن چىشلىرىمنى بىر-بىرىگە مەھكەم بېسىپ، بەزىدە تىلىمنى چىشلەپ ئاۋازىمنى چىقارماي يىغلاشقا باشلىدىم. بەزىدە ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئېيتىمەن:«بۇنچىۋالا قىلىپ كەتكۇدەك بۇ سېنىڭ ئاكاڭ بولمىسا، نېمىشقا بۇنداق ئېزىلىپ يىغلايسەن، تېخى تۇنۇگۇنلا كۆرۈپ تونۇشتۇڭغۇ، بۇ قېرىنداشقا بۇنچە مۇھەببەت شۇنچە تېز قەيەردىن پەيدا بولدى؟»

«مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھدىن قورقۇڭلار» (ھۇجۇرات 10-ئايەت)

بۇ مۇھەببەت شۈبھىسىزكى ئىمانى مۇھەببەت ئىدى، بۇ بۇرادىرىمىز ئورنىدا باشقا بۇرادەر بولغاندىمۇ مېنىڭ ھالىتىم باشقىچە بولمايتتى. چۈنكى بىز مۆمىنلەر ھەممىسى بىردەك ئاكا-ئۇكىلارمىز.

ئەتراپتىكى بەزىلەر ئابدۇللاھقا قاراپ شاھادەت كەلىمىسىنى تەكرارلاۋېتىپتۇ. ھەرقانچە ئۇرۇنسامۇ تىلىمغا شاھادەت كەلىمىسى ئورنىغا باشقا ئايەتلەر كېلىۋېتىپتۇ. بۇ ئايەتلەر مېڭەمگە ئورۇنلىشىۋېلىپ تىلىمنى باشقا نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋاتقاندەك، پەقەت ئۆزىنىلا تىلاۋەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتقاندەك ئىدى.

( فَلَوۡلَآ إِذَا بَلَغَتِ ٱلۡحُلۡقُومَ * وَأَنتُمۡ حِينَئِذٖ تَنظُرُونَ * وَنَحۡنُ أَقۡرَبُ إِلَيۡهِ مِنكُمۡ وَلَٰكِن لَّا تُبۡصِرُونَ * فَلَوۡلَآ إِن كُنتُمۡ غَيۡرَ مَدِينِينَ *تَرۡجِعُونَهَآ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ * فَأَمَّآ إِن كَانَ مِنَ ٱلۡمُقَرَّبِينَ )

( جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا (سەكراتتىكى كىشىگە) قاراپ تۇرىسىلەر. بىز (ئىلمىمىز ۋە قۇدرىتىمىز بىلەن) ئۇنىڭغا سىلەردىن يېقىنمىز، لېكىن سىلەر (ئۇنى) كۆرمەيسىلەر (يەنى بىلمەيسىلەر) ئەگەر (سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەلىڭلارغا قاراپ) جازاغا تارتىلمايدىغان بولساڭلار نېمىشقا ئۇنى (يەنى ئۇ مېيىتنىڭ جېنىنى بەدىنىگە قايتۇرمايسىلەر؟ ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار ئەگەر ئۇ مېيىت مۇقەررەبلەردىن (يەنى تائەت-ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلاردىن) بولىدىغان بولسا، (ئۇنىڭ مۇكاپاتى) راھەت-پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە نازۇنېمەتلىك جەننەت بولىدۇ﴾ (ۋاقىئە سۈرىسى 83-89-ئايەتكىچە)

ئاھ، نېمىدېگەن تەسىرلىك ئايەتلەر... مەن بۇرۇن بۇ ئايەتلەرنى كۆپ تىلاۋەت قىلغان، ئەمما ھازىر بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ھېچقاچان بۇنچىلىك چۈشەنگەندەك چۈشەنمىگەنتىم. «ئۇنى ھاياتقا قايتۇرۇڭلارچۇ، ئەگەر قادىر بولساڭلار» دېگەن ئايىتى پۈتۈن بەدەنلىرىمنى تىترىتىشكە باشلىدى. خۇددى سۆڭەكلىرىمنى گۆشلىرىمدىن يۇلۇپ ئېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

«بۇرادىرىمنى ئەنە شۇ پېشقەدەم جەننەتىلەردىن قىلسۇن. بۇ قۇربانلىقىنى، بۇ تىجارىتىنى ئاللاھ ئۆزى مۇكاپاتلىسۇن!» شۇ دۇئالىرىم بىلەن ئۆزۈمنى ئازراق قولۇمغا ئېلىشقا باشلىغانىدىم، بىردىنلا ئابدۇللاھنىڭ لەۋلىرىدە ئاجايىپ بىر تەبەسسۇم پەيدا بولۇشقا باشلىدى. شۇنداق تەبەسسۇمكى

گوياكى ئۇ بىز بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندەك، هازىر شۇ تەبەسسۇمدىن كېيىن كۆزلىرىنى ئېچىپ هېچنەرسە بولمىغاندەك تۇرۇپ كېتىدىغاندەك ئىدى. ئاجايىپ بىر تەبەسسۇم.... «قاراڭلار! ئۇ كۈلۈۋېتىپتۇ» دېدى بىراۋ. «هايات ۋاقتىدا شۇنچە بىرگە يۈرگەن بولساممۇ بۇنچىلىك چىرايلىق كۈلگىنىنى كۆرمىگەن ئىدىم» دېدى باشقا بىراۋ. «ئاجايىپ...!!! ماشائاللاھ..!!!» دېدى يەنە بىر مۇجاھىد.

ئى ئاللاھ، ئەمدى يىغلاشتىن توختاپ ئۆزۈمنى قولۇمغا ئېلىشقا باشلىغانىدىم. ئۇنىڭ بۇ تەبەسسۇمىدىن كېيىن، كۆكسۈمنىڭ ئىچىگە مۇكۇنۇپ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان يۈرىكىم ئاۋازىنى ئاشكارا قىلىشقا باشلىدى. هۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدىم. قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن يىغا ئارىلاش بىر سوئال يۇقىرىغا ئېتىلاتتى. بۇ سوئال بوغۇزۇمدىن ئۆتۈپ، چىشلىرىمدىن بولغان مۇستەهكەم دەرۋازىلارنى بۇزۇپ تاشقىرىغا چىقماقچى بولاتتى.

كاشكى ئابدۇللاھ ئاڭلىغان بولسا، كاشكى ئۇ جاۋاب قايتۇرالىغان بولسا... مەن ئۇنىڭدىن سوراپ باقاتتىمكى:«سېنى نېمە كۈلدۈرىۋاتىدۇ بۇرادەر؟ نېمىگە كۈلىۋاتىسەن؟ ئەزالىرىڭ ئوقتا ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كېتىپتىغۇ! سەن كۈلىدىغان هالەتتە ئەمەسقۇ!؟ هە...! ئەزالىرىڭ ئاغرىمايۋاتامدۇ؟ جاراھەتلىرىڭدىن ئېقىۋاتقان قانلىرىڭ تېخى توختىمىغان ئىدىغۇ، سەزمەيۋاتامسەن؟ بۇ تەبەسسۇمىڭنىڭ مەنىسى نېمە!؟

ئى ئاللاھ! مەن ئابدۇللاھنىڭ ئوق قولىدىن، ئەنە شۇ كۆرسەتكۈچ بارمىقى كۆتۈرۈلۈپ قالغان قولىدىن تۇتۇپ ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمغا قارىغىنىمچە يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم.

﴿إِنا للّٰه وإِنـا إِلَيْـه راجِعـونَ﴾ دېدى، يەنە بىرى. بىز هەممىمىز بۇ ئايەتنى تەكرارلىدۇق. ئابدۇللاھنىڭ ئاستا ئۆرۈپ تۇرغان يۈرىكى سوقۇشتىن توختىدى. لېكىن ئۇنىڭ يۈزى ۋە لەۋلىرىدىكى ئۇنتۇلماس تەبەسسۇم ئۇنى تەرك قىلمىدى. كۆزلىرىمۇ ئاۋۋالقىدىن بەكراق چوڭ ئېچىلىپ، پارلاپ بىزگە قاراپ تۇراتتى. خۇددى ئۇ بىزنى خاتىرجەملەندۈرىۋاتقاندەك ئىدى.

خۇددى «مېنىڭ ئۆلۈمۈمگە ئېچىنىپ، < ياش كەتتى > دېمەڭلار، ئىمانى هەمراهىم باركى، شاهادەت مەڭگۈلۈك تىرىكلىكتۇر!» دېمەكچىدۇر. گوياكى «بۇرادەرلەر، ئەنە شۇ بىزگە ۋەدە قىلىنغان سائادەتكە يېتىۋالدىم! سىلەر غەمكىن بولماڭلار! سىلەرمۇ هەرىكەت قىلىڭلار!» دەۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ، مۇهەممەد ئىقبالنىڭ «هەقىقى مۆمىنىنىڭ ئالامىتىنى بىلەي دېسەڭ، جان تەسلىم قىلىۋاتقاندا لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇمدىن بىلگىن» دېگەن سۆزى ئېسىمگە كەلدى. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ هۇزۇرىغا پاكىزە ئىمان بىلەن سالامەت قەلب بىلەن قايتىۋاتقاندا ۋە ئاللاھنىڭ مۆمىن بەندىسى بولۇپ كېتىۋاتقىنىدىن خۇرسەن بولغان هالدا جان تاپشۇرۇۋاتقان بولىدۇ. شۇ پەيتتە ئاللاھ تائالانىڭ يېنىدىن پاكىزە بىر نىدانى ئاڭلايدۇكى:« ئى ئارام تاپقۇچى جان! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان هالدا، ئۇنىڭ دەرگاهىغا قايتقىن. سەن مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن. مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن.» (فەجىر سۈرىسى 27-30 ئايەتلىرى)

شۇنداق، ئابدۇللاھ ئىسمىگە مۇناسىپ يىگىت ئىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىدى. ئىنشائاللاھ ئۇ بەندىلىك يولىدا قېنى تۆكۈلۈپ جېنى چىقىپ كەتكىچە مۇستەهكەم تۇردى. ئۇنىڭ چىرايىغا، كۆزلىرىگە قارىغانسېرى قارىغۇم كېلەتتى. بۇ كۆزلەر بىزگە قارىمايۋاتقاندۇ. بۇ كۆزلەر ئاسماننىڭ يىراق-يىراق جايلىرىغا، بۇ دۇنيانىڭ تاشقىرىلىرىغا، ئۇزاق-ئۇزاقلارغا قاراۋاتقاندەك ئىدى. گوياكى بۇ كۆزلەر ئۇچۇن دۇنيانىڭ پەردىسى ئېلىپ تاشلانغاندەك، دۇنيانىڭ ئارقىدىكى ئاجايىپ راهەت-بەخش ۋە گۈزەل مەنزىرە ئۆز قۇچىقىنى ئېچىۋاتقاندەك ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتقاندەك:«شەهىد جېنى چىقىشتىن بۇرۇن جەننەتتىكى جايىنى كۆرىدۇ.»

مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ كۆزلەر جەننەتنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئاخىرى چىدىمىدىم. يىغا ئارىلاش ئادەملەر چۈشىنەر-چۈشەنمەس دەرىجىدە ئابدۇللاھقا سۆزلەشكە باشلىدىم. «كاشكى مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بولغان بولسام! كاشكى سەن تاپقان شەرەپلىك ئۆلۈمنى مەن تاپسام! كاشكى مەنمۇ سەن پەرۋەردىگارىڭغا يولۇققاندەك يولۇقسام.... ئەي ئاللاھ! مېنىمۇ شۇ بەندەڭگە نېسىپ قىلغان ئەزىزلىك ئۆلۈمى بىلەن مۇكاپاتلىغىن، مېنىمۇ شۇنداق ھۆرمەتلىك قىلغىن، ئەي ئاللاھ!

بولدى، ئۆزۈمنى قولۇمغا ئېلىشىم كېرەك، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال دېدىم-دە، ئۆزۈمنى بېسىشقا باشلىدىم.

«ئاللاھ رازى بولسۇن، جاسارەتلىك يىگىت ئىدى. كاپىرلار مۇكۇنۇۋېلىشقان ئۆيگە ئۆزىلا ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى، مېنىڭ جۈرئىتىم يەتمىگەنىدى» دېدى مۇجاھىدلارنىڭ بىرى. «ئىچكىرىدىكى كاپىرلاردىن 4 نى ئۆلتۈرۈپتۇ» دېدى باشقا بىرى. شۇ پەيتتە ئەتراپنى يېقىملىق خۇشبۇي پۇراق قاپلاپ كەتتى. بۇ پۇراق ئابدۇللاھنىڭ قېنىدىن كېلىۋاتاتتى. ئەتراپتىكىلەر بۇ يېقىملىق پۇراقتىن ھەيران بولۇشاتتى. مەنمۇ ھاياتىمدا پۇراپ باقمىغان بۇ پۇراقنى ئەينەن شەھىدنىڭ قېنىدىن كېلىۋاتقىنىنى يېقىندىن كۆردۈم. نېمىدېگەن خۇشپۇراق ھە! بۇ يەردىكىلەرنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئالدىدىكى دۈشمەن تەرەپكە 150-100 مېتىر يىراققا كەتكەن مۇجاھىدلارنىڭ بىرى قايتىپ كەلدى-دە «شەھىد بولدىمۇ؟ ئابدۇللاھ شەھىد بولدىمۇ؟» سوراشقا باشلىدى. سوئالغا «ھەئە» دېگەن جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇ جايدا تۇرۇپ سىلەر ھازىر پۇراپ تۇرغان بۇ خۇشپۇراقنى پۇرىدۇق. بۇ پۇراق بىز تۇرغان جايغىمۇ خۇددى مۇشۇنداق يېتىپ تۇرۇپتۇ» دېدى، ھەيرانلىق بىلەن. «بۇ، ئاللاھنىڭ ئەزىز بولغان بەندىلىرىگە مېھرىبانلىقى» دېدى، جەڭ ئەمىرى. «باشقا ئادەتتىكى مۇسۇلمانلار ۋاپات بولسا، ئۇلاردىن بۇنداق پۇراق كەلمەيدۇ، ئاجايىپ، ماشائاللاھ! شەكسىز!»، دېدى يەنە بىراۋ. «پەقەت شەھىدلەرنىڭ قېنىدىن بۇ پۇراقلارنى تاپقانمەن. ھېچبىر ئەتىر، ئەمبەر بۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەسە كېرەك، كېلىڭلار دۇئا قىلايلى!» دېدى ئىچىمىزدىكى ئەڭ قېرى مۇجاھىد.

«ئاللاھ بۇ بەندىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈپ، پىردەۋس شېھىدلىرىدىن قىلسۇن، بىزلەرنىمۇ ئالى شەھىدلەر قاتارىدىن قىلسۇن. ئامىن!» بىزمۇ دۇئا قىلىشتۇق. ئاقساقال مۇجاھىد ھېلىقى جاراھەتلىرىدىن قېنى ئاستا ئېقىپ تۇرغان ئابدۇللاھنىڭ يۈزىنى ئۆزىنىڭ قولىدىكى بىر رەخت بىلەن يېپىپ قويدى.

(2)

مۇجاھىد ئابدۇمالىك

قوشنا بالا ئالدىراپ چىقىپ بوۋىسىنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلاشقىنىنى، ئۆيدە ھېچكىم يوقلىقىنى ئېيتتى. ئارقىدىن يۈگۈردۈم. كىرسەم 90 غا يېقىنلىشىپ قالغان قۇربان ئاتا تورۇسقا قاراپ پىخىلداپ ئېغىر نەپەس ئېلىپ يېتىپتۇ. ئۇ ئۈزۈندىن بۇيان كېسەل، بىر قولى پالەچ، قان بېسىمى يۇقىرى، يۈرىكى ئاجىز ئىدى. «دوختۇر چاقىرايمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ سىلكىدى. بىمارنىڭ رەڭگى ھەرقاچانكىدىن ئاقارغان، كۆزلىرىدىن نۇر كەتكەن.

ئەھۋالنى چۈشىنىپ ئاستا ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتىشقا باشلىدىم. ئۇ ئاتا پەرۋا قىلماستىن ئېغىر نەپەس ئالاتتى. ئارىدا تىنىماي «مېھرىسىز» «ناقابىل» ئوغۇللىرىنى قارغاپ تىللايتتى. قۇربان ئاتىنىڭ يامان پېئىللىقى، تاش باغىرلىقى، ئاغزى يامانلىقى سەۋەبلىك پەرزەنتلىرىنىڭ كىرىپ-چىقىشى كېمەيگىنى توغرا. ئۆمۈر بويى گاھ مال بازىرىدا دەللال، گاھ قاسساپچىلىق قىلغان قۇربان ئاتا قېرىغاندىمۇ ئۆزگىرىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. پېشانىسى سەجدە كۆرمەي ئاللاھنى پەقەت بېشىغا كۈن چۈشكەندىلا

ئەسلىدى. ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا جان تەسلىم قىلىۋېتىپ ئاغزىدىن چىققان ئاخىرقى سۆزى «ھۇ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئەبلەخلەر» بولدى.

(3)

شەھەر كوچىلىرى بىردە ئاپتوموبىل ۋەقەسى يۈز بەردى. ياشقىنا شوپۇر يىگىت بىر ئەر نەرسىگە بەند بولۇپ قالدىمۇ ياكى ماشىنىنى باشقۇرالماي قالدىمۇ، يول چېتىدىكى بىتۇن ئۇستۇلبىغا بېرىپ ئۇرۇلۇپتۇ. يولۇچىلار دەرھال ياردەمگە ئالدىراشتى. قىسىلىپ قالغان رول ئارىسىدىن يىگىتنى ئاران سۇغۇرۇپ ئېلىشتى. نىمىلەرنىدۇ دەپ پىچىرلاۋاتقان شوپۇر يەرگە ياتقۇزۇۋشى بىلەن جېنى ئۈزۈلدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئۇنئالغۇدىن چىقىۋاتقان «نەلەردىدۇرسەن سەنەمگىنە» دېگەن جۈملىلەر بولدى.

# سوئال ؟ ؟ ؟

قېنى، سىز قانچە ئۇزاق ياشاشنى خالىسىڭىزمۇ ئۆلۈم دەل ۋاقتىدا سىزنى تاپىدۇ. سىز قايسى خىل ئۆلۈمدە ئۆلۈشنى تاللايسىز؟

كىتاب مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

2006/11/27

ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات مەركىزى